# ئانا يۇرت

(تور ژۇرنىلى)


ISSN:2147-8031

3 - سان

(ئىيۇل، ئاۋغۇست، سېنتەبىر)

2014

2 - يىل، ئومۇمىي 7 - سان



**ساھىبى: د.نۇرئەھمەت قۇربان**

**باش تەھرىر: د.ئەركىن ئەكرەم**

**تەھرىر ھەيئىتى**

د.ئەسەت سۇلايمان
ف.د.ئالىمجان ئىنايەت
د.نۇرئەھمەت قۇربان
د.ئەركىن ئەمەت

بەتچىك: ئىلىياس



تور بەت ئادرېسى
www.anayurtjurnili.net
ئېلخەت ئادرېسى
info@anayurtjurnili.net



ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاپتورلارغا ئائىت بولۇپ، ژۇرنال ھېچقانداق قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. شۇنداقلا ھەرتۈرلۈك نەشر ھوقۇقىنىڭ ژۇرنالغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە خاتىرلىتىدۇ.


# ئانا يۇرت

**پەسىللىك ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال**

# بۇ ساندا

**دوكتور نۇرئەھمەت قۇربان**

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەرىكىتىنىڭ دىنىي دىنامىكلىرى ............................................. 3

**مۇسا جارۇللاھ**

«مۇۋافىقات» قا كىرىش سۆز ................................................................................ 27

**ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي**

قۇرئاننىڭ ئالەم نەزىرىيەسى ...................................................................................37

**دوكتور مەھمەت ئەردوغان**

«مەقاسىدۇششەرىيئە» دائىرىسىدە سۈننەت ۋە ھەدىسنىڭ ئىزاھلىنىشى ............................ 62

دوكتور نۇرئەھمەت قۇربان

# مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەرىكىتىنىڭ دىنىي دىنامىكىلىرى*(1)

(ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

**قىسقىچە مەزمۇنى**

خوتەن ۋىلايىتىدە تۇغۇلۇپ، كابۇل، كەشمىر، چۇگۇچەك، ئۇرۇمچى ۋە ئەنقەرە قاتارلىق شەھەرلەردە تۇرۇپ قىممەتلىك ئۆمرىنى ۋەتىنى ئۈچۈن سەرپ قىلغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا (1901 – 1965)، ھاياتىدا ئۇلۇغ ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ مەدرىسە ھاياتى بىلەن ئەركىنلىك كۈرىشى مەزگىلىدىكى جىھادىي ھەرىكىتىگە بارلىق ئىسلامچى ئېقىملار بەس – مۇنازىرىسىز يۇقىرى باھا بېرىدۇ. بۇ خىل ئومۇمىي باھانىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى پوزىتسىيەلىرى، ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى تۇرمۇش قارىشى ۋە ئىدىيەسىدىكى بەزى پىكىرلىرى دىنىي جەھەتتىن ئىزاھلىنىشقا ۋە شەرھىيلەشكە موھتاجدۇر. مانا مۇشۇ خىل زىددىيەتلەنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇ ماقالىنى يېزىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى.

بۇ ماقالىدە، ئالدى بىلەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ يېتىلىش مەزگىلىدە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن دىنىي ئاملىلارنىڭ ئىزنالىرى تەتقىق قىلىنىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە، سىياسىي كۈرىشىدىكى مىللەتچىلىكنى تەكىتلىشى دىنىي نۇقتىدىن مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى قەدەمدە بولسا، ئۇنىڭ ئىسلامچىلىق تونۇشى ۋە تۈرك – ئىسلام تەپەككۇر سىستېمىسىدىكى ئورنى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ماقالىنىڭ ئاخىرىدا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەرىكىتىنىڭ دىنىي قىسمىغا قۇرئان ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن باھا بېرىلىدۇ.

**مۇقەددىمە**

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا 1901 – يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

* بۇ ئەسەر، 2015- يىلى 10- ئاينىڭ 7- كۈنى ئىستانبۇلدا ئېچىلغان «خەلقئارالىق مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانى خاتىرلەش يىغىن»دا سۆلەپ ئۆتۈلگەن لىكسىيە ئاساسىدا تەييارلاندى.

ئانىسى سەكىنە بانۇ خانىم بولسا، 1863- يىلى خوتەن رايونىدا مۇستەقىل خوتەن خانلىقىنى قۇرغان ئابدۇراھمان پاشا (ۋاپاتى 1865) نىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.[2] شۇڭا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ھاياتىنى تەتقىق قىلغاندا، بىر قەدەر بۇرۇنقى چاغلاردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە، خوتەن خانلىقىنىڭ سىياسىي ئەھۋالى، 1680- يىلى ئاپاق خوجا (ۋاپاتى 1693) نىڭ 164 يىللىق يەركەنت خانلىقىنى ئۆرۈپ تاشلىشىدىن كېيىن، ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇرۇنقى تىنچلىق ۋەزىيىتىگە نائىل بولالمىدى. بولۇپمۇ، شۇ چاغدىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ جەنۇبىدا بىپەرۋالارچە داۋاملاشقان ھەر خىل مەزھەپ ۋە مەشرەپلەرگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ تەخت تالىشىش جېدەللىرى خەلقنىڭ ئەركىن نەپەس ئېلىشىغا يول قويمىدى. خوتەن ھەبىبۇللاھ مۇپتى ھاجىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئون يىلدەك خاتىرجەملىككە نائىل بولغان بولسىمۇ، 1866 – يىلى دېكابىردا ھەبىبۇللاھ مۇپتى ھاجىنىڭ ياقۇپ بەگ (1820 – 1877) تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى رايونىنىڭ مۇۋازىنىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ياقۇپ بەگنىڭ خوتەننى ئىشغال قىلىشى ئەسناسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش، خوتەن تارىخىنىڭ ئەڭ قانلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالدى[3]. ياقۇپ بەگكە قارشى ئۇرۇشتا خوتەن خەلقىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى[4] . ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، مانجۇلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى چىڭ خاندانلىقى (1644- 1911) نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كۈچى زورىيىشقا باشلىدى ۋە ئاقىۋەت خوتەنمۇ باشقا ۋىلايەتلەرگە ئوخشاش چىڭ خاندانلىقىنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىغا كىردى[5]. شۇنىڭدىن كېيىن، خوتەن رايونى مانجۇلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ماس ھالدا ھەرخىل ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى، تۈرلۈك ۋەقەلەرگە گۇۋاھ بولدى.

---

(2) Mehmet Ali Alioğlu, “Üç Efendiler Hareketinin Doğu Türkistan Siyasi Tarihindeki Yeri ve Önemi”, s. 2-3. Ayrıca bkz. Erkin Emet, “Mehmet Emin Buğra”, Türkler Ansiklopedisi, c. XVIII, s. 725.
بۇ يەردە بىر نۇقتىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىمىزكى، ئابدۇراھمان پاشا ھەبىبۇللاھ مۇپتى ھاجىنىڭ چوڭ ئوغلىدۇر. خوتەن خانلىقىنىڭ پادىشاھى ھەبىبۇللاھ مۇپتى ھاجى بولۇپ، ئوغلى ئابدۇراھمان باش ۋەزىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئابدۇراھمان پاشا 1865- يىلى كۈچار خانلىقى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا شېھىت بولۇپ كەتكەن. تېخىمۇ ئەتراپلىق مەلۇمات ئىگىلەش ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخي» 316-، 317- بەتلەرگە قاراڭ.

(3) مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، «شەرقىي تۈركىستان تارىخي»، 371 – 373 بەتلەر.

(4) Zhang Jikang, “İslam Dini”, c. II, s. 183-185.

(5) *Çin’in Xinjiang Bölgesi*, s. 117.

مەدەنىيەت نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغىنىمىزدا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ياشلىق يىللىرىدا دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەرگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئۇچۇر، ئىدېئولوگىيە ۋە مەلۇماتلار شەرقىي تۈركىستان زېمىنلىرىدا سۈرئەت بىلەن تارقىلىشقا باشلىدى. بۇلار ئاساسلىقى شەرقىي تۈركىستاندىن ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ كەلگەنلەر، چەت ئەللەردە ئوقۇپ يۇرتقا قايتقان زىيالىيلار ۋە سودىگەرلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىندى. يەنە بىر تەرەپتىن، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆپ ساندا ئەنگلىيە پۇقراسى ھىندىلار، ئافغانىستانلىقلار ۋە ئۆزبېكلەر خوتەنگە كېلىپ - كېتىپ تۇردى، ھەتتا ئولتۇراقلاشقانلارمۇ بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، كۆپ بولمىسىمۇ خوتەندە دىنىي ۋە مىللىي ئويغىنىشنىڭ شۇنداقلا ئىسلام ئەللىرىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا سۈرئەت بىلەن تارقىلىشقا باشلىغان يېڭىلىقچىلىق تەشەببۇسلىرىنىڭ تىۋىشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى[6].

بىئوگرافىك مەنبەلەردىن ئىگىلىگەن ئۇچۇرلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا يېتىلىۋاتقان مەزگىللەردە ئومۇمەن شەرقىي تۈركىستان زېمىنلىرىدا ۋە خوتەندە سىياسىي ھەمدە دىنىي بېسىملارنىڭ قەتئىي بېسىقمىغانلىقى؛ ئىجتىمائىي جەھەتتە، نادانلىق، يوقسۇللۇق، ئەنسىزلىك ۋە ناھەقچىلىكلەرنىڭ يۈكسەك پەللىگە يەتكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى[7]. مۇشۇنداق بىر خىل ۋەزىيەتتە يېتىشىپ چىققان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا دەسلەپتە زۇلۇمغا قارشى قوراللىق كۈرەش قىلىش يولىنى تاللىغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى تۇڭگانلاردىن ما خوسەن قوشۇنى ئالدىدا مەغلۇپ بولۇپ، ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى ھاياتى ئىلمىي ئىزدىنىش، سىياسىي كۈرەش، دىپلوماتىك پائالىيەتلەر، لوبىچىلىق خىزمەتلىرى ۋە تەشكىلات ئىشلىرى بىلەن ئۆتتى. بۇ دائىرىدە، ئۇ ئوخشاش بولمىغان ئەللەرنىڭ بىيۇروكراتلىرى بىلەن كۆرۈشتى، دۆلەت ۋە خەلقئارا سەۋىيەدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى بارغان يەرلىرىدە دۆلەت ئەربابلىرى ۋە دىنىي زاتلارنى يوقلىدى، ھەر خىل يىغىلىشلاردا قىلغان سۆزلىرىدە دىنىي كۆرسەتمىلەرگە ئالاھىدە ئورۇن ئاجراتتى. تۆۋەندە تېمىلار بويىچە ئۇنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك ئاساسلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تىرىشىمىز.

(6) Zhang Jikang, “İslam Dini”, c. II, s. 486-488.

(7) سەيفىدىن ئەزىزى، ئۆمۈر داستانى، 122 – 136 بەتلەر.

### 1- مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ يېتىلىش مەزگىلى ۋە ئۇ چاغدىكى شەرت – شارائىت

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ دىندار بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى ۋە بالىلىق يىللىرىنى دىنىي تەلىم – تەربىيە ئېلىش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ھەممىمىز ياخشى بىلىمىز. خىتاي يازغۇچىسى نى يۇچىڭ مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ شەمشۇددىن داموللىغا ئوخشاش رايونىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى دىنىي ئۆلىمالىرىدىن دەرس ئۆگەنگەنلىكىنى، تەڭتۇشلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئالاھىدە زېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، دىنىي ئىلىملەر ۋە دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ[8]. چۈنكى ئۇ، ياشلىق يىللىرىدىلا مۇدەررىسلىك ھاياتىنى باشلىۋەتكەن بولۇپ، ۋەزىپىسىنى 10 يىل ئەتراپىدا داۋاملاشتۇردى. ئۇ مۇدەررىسلىك قىلغان يىللاردىن تارتىپلا كېلەچەكتىكى سىياسىي ھاياتىنىڭ ئاساسىنى ياراتتى. دەرۋەقە، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىدىيەسىگە ئاساسەن رېئاللىقتىن نارازى ئىكەنلىكىگە شاھىت بولدۇم. بىراق، ھېچكىمنىڭ قۇرۇق گەپنى تاشلاپ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتمەسلىكىدىن ھەيران قالاتتىم. 22 ياشتا ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ، مۇدەررىس بولۇپ جەمئىيەت ھاياتىغا قەدەم قويدۇم، خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكتۈم، ئەمما ئوخشاش ئەھۋالنى كۆردۈم. قولۇمدىكى تۈركچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە يېزىلغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغىنىمدا قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتەتتىم. سىياسەتتىن خەۋىرىم يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر ئۇستاز تېپىشمۇ قىيىن ئىدى. بۇ ئەھۋاللاردىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنىدىم. چۈنكى، مەن تۇرۇۋاتقان مۇھىتتا مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بىرمۇ كىشىنى ئۇچراتمىدىم، ئۆزەمدىمۇ مۇشۇ ئىشلارنى قىلالايدىغان قابىلىيەتنى بايقىيالمىدىم. شۇنداقتىمۇ زور ئىرادىگە كېلىپ، 1933 – يىلىنىڭ بېشىدا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىنى كېزىپ كۆزىتىپ چىقتىم[9].»

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا شۇ قېتىمقى سەپىرى جەريانىدا چۆچەكتە ياشايدىغان مەشھۇر تاتار ئالىمى مۇرات رەمزى (1854- 1934) نىڭ ئىلمىي سۆھبەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىدۇ ۋە ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭدىن دىنىي جەھەتتە ئالىي تەھسىلات ئىجازىتى ئالىدۇ[10].

(8) نى يۇچىڭ، «مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قانداق كىشى»، 56- بەت.

(9) بۇ يەردە ۋاقىت خاتا يېزىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ سەپىرى 1932- يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بولغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

(10) نى يۇچىڭ، «مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قانداق كىشى»، 58- بەت.

خىتاي تارىخچى  لىيۇ زىشياۋنىڭ ئۇچۇرىغا قارىغاندا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا مائارىپ ھاياتىدا دىنىي تەلىم – تەربىيەگە قوشۇمچە قىلىپ، يېڭىچە دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپلەردىمۇ ئوقۇغان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىدىيەسىدە ھەم دىنىي مائارىپنىڭ ھەم پەننىي مائارىپنىڭ ئىزلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن[11] .

ھايات سەرگۈزەشتىسى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىنغىنىدا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئۆزى ئىشەنگەن قىممەت – قاراشلارنى گۈللەندۈرۈش ۋە مۇسۇلمان خەلقنى زۇلۇمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلغانلىقىنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تېخىمۇ روشەن ھالدا شۇنى دېيىشىمىز مۇمكىنكى، ئۇ ئالىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قوراللىق كۈرەش قىلىپ، نەتىجىدە 1933- يىلى خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ بۇ سىياسىي كۈرىشى ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا قەشقەردىمۇ تەسىرىنى نامايان قىلىپ، بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئۇ يەردىمۇ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۇل ھازىرلىدى[12] .

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىر پائالىيەتچىگە ئايلانغاندىن كېيىن، ئولتۇرۇپ ئىسلامىي تېمىلاردا بىرەر پارچە ئەسەر يازمىدى. چۈنكى ئۇ، ئەسەر يېزىش شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۈپ ئېھتىياجى ئەمەس، دەپ قارايتتى. مۇسا جارۇللاھنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇلاردا يېتەرلىك ساندا موللا بار بولۇپ، مەدرىسەلەرنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى[13] . دەرۋەقە، كېيىنكى مەزگىللەردە ئادىل ھېكمەت ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك، بىلگەنلىرى ئارقىدا قالغان، مەدەنىيەت دۇنياسىدىن خەۋەرسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ نادان ئۆلىما قاتلىمى بىر يېڭىلىنىشنى باشتىن كەچۈردى[14]. چۈنكى، شارائىتنىڭ ناچار بولۇشىغا قارىماي، يېڭىچە پىكىرنىڭ تۈرتكىسىدە ھەرىكەت قىلغان، 1924- يىلى بىر ساتقۇن تەرىپىدىن ئۆيىدە قەتلى قىلىنغان ئابدۇلقادىر داموللا ۋە شەمسىدىن داموللا ئەتراپىدا ئۆزگە ئوخشاش كۆپلىگەن زىيالىي دىنىي زاتلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەردارمىز[15]. بىر ئوسمانلى يۈز بېشى ۋە تەشكىلاتى مەخسۇسەنىڭ ئەزاسى بولغان ئادىل ھېكمەت ئەپەندى زىيارىتىنىڭ باشقا نۇقتىسىدا، قەشقەر مەكتەپلىرىدىكى يېڭىلىنىش ھەرىكەتلىرىنى ئۆز

(11) لىيۇ زىشياۋ، ئۇيغۇر تارىخى، 2- قىسىم، 1206- بەت.

(12) مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، شەرقىي تۈركىستان تارىخى، 161- بەت.

(13) Musa Carullah, “Besmele Risalesi”, Kahire, 1350/1932.

(14) Adil Hikmet Bey, Asya’da Beş Türk, s. 472.

(15) Kurban, N., “Çağdaş Uygur İslam Düşüncesinin Önderi Abdulkadir Damolla”, Bilig dergisi, sayı 53, Ankara (2010), s. 167-170.

كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ۋە بۇ ئەھۋالدىن ناھايىتى سۆيۈنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ[16]. ئادىل ھېكمەت ئەپەندى مۇئەييەن مۇددەت ئىچىدە تۈركىستان جۇغراپىيەسىنى باشتىن ئاخىر ئايلىنىپ چىقىپ، تۆۋەندىكىدەك پىكىرگە كەلگەن:

«ھەقىقەتەن تۈركىستان خەلقى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەك ئادەتتىكىچە كىشىلەر ئەمەس. سەنئەت ۋە سودىدىكىگە ئوخشاش ئۇلاردىكى ئۇرۇش قابىلىيەتلىرىمۇ ئۆچۈپ كەتمەپتۇ. ھەتتا بۇلارنىڭ بىر قىسمى ناھايىتى بەك ئىلگىرلەپتۇ.»

ئادىل ھېكمەت ئەپەندى كۆرگەنلىرىدىن ھاسىل قىلغان بەزى قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەيدۇ:

«تۈركىستاندا مۇنەۋۋەر ئازدۇر. سەزگۈر رەھبەرلەر سايىسىدە خەلقنى ئاسانلا ياخشىلىققا يېتەكلىگىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ خېمىرى ياخشىلىق، تىرىشچانلىق ۋە قەھرىمانلىقلار بىلەن يۇغۇرۇلغان. بۇ جەھەتتىن، تۈركىستاننى ۋە ئۇ يەرنىڭ تۈركلىرىنى ئۈمىد قىلغىنىمىزدىن ئۈستۈن كۆردۇق، ئۇلار مۇستەقىللىققە لايىق ۋە بۇنىڭغا تەشنا[17].»

ئادىل ھېكمەت ئەپەندى يەنە بىر خاتىرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

«خەلق ئاسارەتتىن ئىنتايىن نەپرەتلەنمەكتە. قۇدرەتلىك بىر رەھبەر ئۇلارنىڭ ھەر تۈرلۈك پىداكارلىقنى قىلىدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولسا بولىدۇ[18].»

چىقىپ تۇرىدۇكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇ مەزگىلدە ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش يولىدا ئۆزلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر رەھبەرگە موھتاج ئىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرامۇ بۇنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇ چاغدىكى جىددىي ئېھتىياج سىياسىي ساھەدىكى ئويغىنىشنى دەرھال ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، بۇغرا ئاكتىپ ياخشى بولۇشنى، خەۋپكە تەۋەككۈل قىلالمايدىغان پاسسىپ ياخشى بولۇشتىن ئەۋزەل ئورۇنغا قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئولتۇرۇپ تالىپ ئوقۇتۇش ياكى دىنىي تېمىلاردا ئەسەر يېزىشنىڭ ئورنىغا قوراللىق كۈرەش قىلىش يولىنى تاللىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئۇ ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە يەنە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كىملىكلىرىنى قوغداش ۋە قايتىدىن تۇرغۇزۇش يولىدا ئېھتىياجلىق بولغان تارىخ ئېڭىنى ياشنىتىشقا ئەھمىيەت بەردى ۋە بۇ ھەقتە ئەسەرلەرنى يازدى. شۇڭا ئۇنىڭ

(16) Adil Hikmet Bey, *Asya'da Beş Türk*, s. 122.

(17) Adil Hikmet Bey, *Asya'da Beş Türk*, s. 471-472.

(18) Adil Hikmet Bey, Asya'da Beş Türk, s. 473.

ئەسەرلىرىدە، تۈرلۈك ئورۇنلاردا قىلغان سۆزلىرىدە ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئويغىنىشقا ۋە ئۆز كىملىكلىرىنى تىكلەشكە چاقىرىدىغان مەزمۇنلار كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ «شەرقى تۈركىستان تارىخى» ناملىق بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي خىزمەتلىرىنىڭ تۈپ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## 2- مىللەتچىلىك نۇقتىسىدىن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا

19 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا باشلىنىپ پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيگەن ئىرقلارنىڭ سىنىپلارغا ئايرىلىش مەسىلىسى، مەدەنىي مىللەتلەرنى ئېتنىك نۇقتىدىن ئىپتىدائىي جەمئىيەتلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى[19] . بۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان مىللىيەتچىلىك ئېقىمى، مۇستەملىكە قىلىنغان ياكى مۇستەملىكە قىلىنىش خەۋپى ئاستىدىكى جايلاردا سۈرئەت بىلەن يىلتىز تارتىشقا باشلىدى. بىر ئىرق ئۆز ئىرقى نامىدىن باشقىلارغا ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىرى تەبىئىي ھالدا ئۆز ئىرقىنى قوغدايتتى. ئۇزۇن يىللار بويىچە ئېتنىك كىملىكىدىن بىخەۋەر پەقەت ئىسلام دىنىنى كىملىك سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ كەلگەن ئىسلام جۇغراپىيىسى، خۇسۇسەن تۈركىستان خەلقى، ياۋروپادا باشلىنىپ پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيگەن ئېتنىك تەۋەلىك ئېڭىنى غىدىقلايدىغان دۇنيا قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىدى. بۇ مۇسۇلمان خەلق 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مىللىي كىملىكلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. يالغۇز تۈرك چۈشەنچىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدىغان مىللەتچىلىك ئېقىمى ياۋروپالىقلاردىن پەرقلىق ھالدا ئورتاق ھايات كەچۈرۈش ئىستىكى ۋە تەقدىر بىرلىكى سۈپىتىدە شەرھىلەندى. ئىلگىرى ئوسمانلى دۆلىتىگە قاراشلىق كۆپلىگەن ئېتنىك تۈركۈم ۋە مىللەت دىنىي كىملىكلىرىنى رەت قىلىپ، دۆلەتنى ئالىيەدىن ئايرىلىپ چىقىش يولىنى تاللىغانىدى. بۇ ئەھۋال، تۈركلەرنىڭمۇ بارغانسېرى مىللەتچىلىك ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ۋە بىر خىل تۈرك مىللەتچىلىكىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش نۇقتىسىدىن دىققەتمىزنى تارتماي قالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلگىرى كۈچلۈك رەۋىشتە ئوسمانلى دۆلىتىگە بېقىندىغان ئوخشىمىغان ئېتنىك تۈركۈمگە تەۋە خىرىستىيانلار بىلەن، كېيىنكى مەزگىللەردىكى مۇسۇلمان ئېتنىك تۈركۈملەرنىڭ مىللەتچى قاراشلىرى تۈرك مىللىتىدىن بولغان ئوسمانلىلارنىڭمۇ ئۈممەت چۈشەنچىسىدىن ئايرىلىپ، مىللەت چۈشەنچىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا يۈزلىنىش سۈرئىتىنى ئاشۇردى. مىللەتچىلىك

(19) Büyük Ansiklopedi, (AXİS 2000), Milliyet/HACHETTE, c. IV, s. 302.

ئىقىمىنىڭ راۋاجلىنىشىدا باشلامچىلىق رولىنى ئاساسلىقى ئوسمانلى قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قېلىش غېمى يوق، ئەكسىچە چار پادىشاھىنىڭ بېسىمىنى كۆچلۈك تونۇپ يەتكەن كاۋكازىيە تۈركلىرى ئوينىدى[20] . كاۋكازىيە تۈركلىرى بىلەن ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغان شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركىي قەۋملەرمۇ بۇ پىكىردىن نېسىۋىسىنى ئالدى. چۈنكى، رۇس ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى تۈرك قەۋملىرى بىلەن باشقا تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدا كۆپ قاتلاملىق ئالاقە مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قوشنا ئىدى، يەنە كېلىپ، ئوخشاش مەركەزدە تەلىم ئالاتتى، ئوخشاش ئېتىقاد ۋە مەزھەپكە مەنسۇپ ئىدى، ئوخشاش تىلدا سۆزلىشەتتى. بىرىنىڭ دۈشمىنى خىتتاي مۇستەملىكىسى بولسا، يەنە بىرىنىڭ دۈشمىنى رۇس ھاكىمىيىتى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئورتاق ھايات شەكلىگە ئىگە بولۇشى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

20– ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستانلىق داڭلىق سودىگەر ھۈسەيىن باي سودا ئىشلىرى بىلەن ياۋروپانىڭ كۆپلىگەن دۆلەتلىرىنى ئايلىنىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىستانبۇلغىمۇ بىر قانچە قېتىم كېلىدۇ. ھۈسەيىن باي 1913 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇرۇق – تۇغقانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سودىگەر ۋە ھاجى دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە ‹ئىتتىھاد ۋە تەرەققىي جەمئىيىتى› نىڭ لىدېرى تەلئەت پاشا (ۋاپاتى 1921) بىلەن كۆرۈشىدۇ. تەلئەت پاشا شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن مېھمانلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا مەخسۇس ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىش توغرىسىدىكى تەلەپلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ[21]. زىيا گۆكئالپ (ۋاپاتى 1924) نىڭ تەبىرىگە قارىغاندا، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ھەر يىلى ئىستانبۇلدىن قازان ۋە قەشقەرگە ئوخشاش تۈرك شەھەرلىرىگە مىڭلارچە ساندۇق ئوسمانلى تۈركچىسىدە يېزىلغان كىتابلار ئەۋەتىلگەن[22]. بۇ ئەھۋاللار بىزگە شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي كىملىك تۇيغۇسىنىڭ كېڭىيىش مۇساپىسىنىڭ يىپ ئۇچلىرىنى بېرىدۇ. شۇڭا بىز رايوننىڭ زىيالىي كىشىلىرىدىن بىرى، دەپ قوبۇل قىلىنىۋاتقان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ دۇنيا قارىشىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ يۇرتلىرىدا سۈرئەت بىلەن يىلتىز تارتىۋاتقان ۋە زامانىۋى دۇنيانىڭ

(20) *Büyük Ansiklopedi*, c. VIII, s. 358.

(21) *Çin Xinjiang Bölgesi*: Geçmişi ve Şimdiki Durumu, s. 141-142.

(22) Tayyib Gökbilgin, “Ziya Gökalp’e Göre Halkçılık, Milliyetçilik, Türkçülük”, s. 221.

ئەڭ تونۇلغان ئىدېئولوگىيەلىرى قاتارىدىكى مىللەتچىلىك ئېقىمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلماي ئۆتۈپ كېتەلمەيمىز.

بۇ ھەقتە، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئىدېئولوگىيەسىنىڭ ئەڭ روشەن شەكلىنى ئۆزى تەھرىرلىك قىلغان ژۇرنالىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدىغان ‹ئەرك› گېزىتىدىكى باش ماۋزۇدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1946- يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بۇ گېزىتنىڭ شوئارى «مىللىتىمىز تۈرك، ئېتىقادىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز تۈركىستان» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى[23]. گېزىتنىڭ ئىككىنچى قۇرىغا بولسا، «تىلدا، ئىشتا ۋە پىكىردە بىرلىك» شوئارى يېزىلغانىدى. مەلۇم بولغايكى بۇ شۇئار كاتتا تۈرك مىللەتچىسى گاسپرالى ئىسمائىل بەي ئوتتۇرىغا قويغان تۈرت مىللەتچىلىكىنىڭ ئاساسى ئىدى. گېزىتنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرى قىسمىدا بولسا، «بىز مىللەتچىمىز، بىز خەلقچىمىز، بىز ئىنسانچىمىز» دەپ يېزىلغانىدى. بۇ شوئارلار ۋە باش ماۋزۇلارنىڭ مەقستى، خەلقتە مىللىي تۇيغۇ پەيدا قىلىش، ۋەتىنىنى سۆيدۈرۈش ۋە مىللىتىنى تونۇتۇش ئىدى[24]. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا 1948- يىلىنىڭ ئىيۇن ئېيىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى» نى قۇرۇپ چىققان ۋە بۇ جەمئىيەت نامىدىن 15 كۈندە بىر سان چىقىدىغان «چىنى تۈركىستان» ژۇرنىلىنى چىقىرىشقا باشلىغان[25].

خىتايدا تۇرۇۋاتقان يىللىرىدا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانى ئىنتايىن بىئارام قىلغان ئىش، خىتاي يازغۇچى لى دۇڭفاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ كۆپ سانلىقىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ ئەمەس، دېگەن قارىشى بولغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن مەزكۇر يازغۇچى، رايوندا ياشايدىغان باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىمۇ تۈرك، دەپ قارىمايتتى[26]. بۇ سەۋەبتىن بۇغرا، لى دۇڭفاڭغا قارشى «شىنجاڭ ئەمەس، شەرقىي تۈركىستان» ۋە «شەرقىي تۈركىستانلىقلار تۈركتۇر» ناملىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىققانىدى. لى دۇڭفاڭنىڭ قاراشلىرىنىڭ خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەزىرىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان بولۇشى، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانى بۇ تېمىغا ئەھمىيەت بېرىشكە تۈرتكە بولغان. ئەستايىدىللىقى بىلەن

(23) نى يۇچىڭ، «مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قانداق كىشى»، 67- بەت.

(24) İsa Yusuf Alptekin, *Esir Doğu Türkistan İçin*, s. 464.

(25) نى يۇچىڭ، «مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قانداق كىشى»، 67- بەت.

(26) لى دۇڭفاڭ، «شىنجاڭلىقلار تۈركمۇ؟»، جۇڭياڭ رىباۋ گېزىتى، 14 – ئۆكتەبىر 1944- يىل، چۇڭچىڭ.

تونۇلغان بۇغرا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈرك ۋەتىنى، خەلقىنىڭ تۈرك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تارىخنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا چۆكۈپ، ئىلمىي پاكىتلارنى ئىزدىگەن[27]. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، خىتاي يازغۇچى بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ، بۇ جەھەتتىكى سەزگۈرلۈكىنى نامايان قىلغان[28].

خىتاي مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان مەلۇماتلاردا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ كۆپلىگەن پانتۈركىزم ئىدىيەسىدىكى تەشكىلات ياكى پانتۈركىزمچى كىشى ۋە مۇئەسسەسەلەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى ئەسكەرتىلىدۇ. ھەتتا، ئۇنىڭ مەزكۇر تەشكىلاتلارنىڭ بەزىلىرىگە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىمۇ قەيت قىلىنىدۇ[29].

مۇھەممە ئەمىن بۇغرا 1959 – يىلى تىبەت خەلقى خىتايغا قارشى مۇستەقىللىق كۈرىشىنى باشلىغاندا، مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇپ چىقىش پىكرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش پەيتى يېتىپ كەلدى، دەپ ئويلاپ، دەرھال دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر گېرب ياساپ چىققان. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ گېربىنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ يەتتە تۈركىي قەۋمگە ۋاكالىتەن يەتتە باش بۇغداي شەكلىنى چۈشۈرگەن شۇنداقلا گېربىنىڭ ئاستىغا «ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان، مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام» دېگەن شوئارنى ئورۇنلاشتۇرغان[30].

بۇغرانىڭ مىللىي كىملىككە دائىر قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلارنىڭ يەنە بىرى، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان يىللىرىدا ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندى ۋە باشقا دوستلىرى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان مىللەتچى پارتىيەسى» نى قۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىشىدۇر. بۇغرا مەزكۇر پارتىيەنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندى مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

(27) - مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، «شۇنداق، تۈركىستانلىقلار تۈركتۇر»، جۇڭگىياڭ رىباۋ گېزىتى، 21 – ئۆكتەبىر 1944- يىل، چۇڭچىڭ. ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە ماقالىنىڭ 31- ئۆكتەبىردىكى ساندا ئېلان قىلىنغانلىقى قەيت قىلىنسىمۇ، بۇ چىسلادا بىر زىتلىق بار. ئەسلىدىكى نۇسخا بىلەن سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر، دەپ قارىماقتىمىز. يەنە كېلىپ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ بۇ ماقالىسى ئالتاي مەجمۇئەسىنىڭ چۇڭچىڭدا نەشر قىلىنغان 10- ساندىمۇ بار.

(28) لى دۇڭفاڭ، «تەكرارلايلى: شىنجاڭلىقلارنى تۈرك، شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تۈركىستان دېيىش توغرا ئەمەس»، جۇڭگىياڭ رىباۋ گېزىتى، 2، 3- نويابىر 1944- يىل، چۇڭچىڭ. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا يەنە ئالتاي مەجمۇئەسىنىڭ 1944- يىلى 11- ساندا بىر پارچە ماقالە يېزىپ، لى دۇڭفاڭنىڭ بۇ مەزكۇر ماقالىسىگە رەددىيە قايتۇرغان.

(29) - نى يۇچىڭ، «مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قانداق كىشى»، 70- بەت.

(30) - نى يۇچىڭ، «مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قانداق كىشى»، 74- بەت.

لېكىن، بۇ پارتىيە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنماستىلا، بۇغرانىڭ ھىجرەت قىلىشى بىلەن تارقىلىپ كەتكەن.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا تۈركىيەگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، تۈرك تەپەككۇر تارىخىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرى بىلەن دوستلۇق ئورناتقان. بۇلارنىڭ قاتارىدا زەكى ۋەلىدى توغان، تاھىر چاغىتاي، ئاياز ئىسھاقى، ئىبراھىم يارقىن، سەئىد شامىل، ئەھمەد نەئىم، ۋەلى قەييۇمخان، سالىھ ئەركىنقول، ماجىت سەكمار، مۇستەجىپ ئۈلكۈسال، سەيداخمەت كىرىمەر قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن. بۇ دائىرىدە، بۇغرا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كۆپلىگەن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان ۋە پىكىر ئالماشتۇرغان[31].

خىتاي مەنبەلىرى، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانى بەزىدە پانئىسلامىزمچى، دېسە، بەزىدە پانتۈركىزمچى، دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، خىتاي يازغۇچىسى نى يۈچىڭ «مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا قانداق كىشى؟» ناملىق ئەسىرىدە، ئۇنىڭ مەدرىسەلەردە موللام بولۇپ دەرس ئۆتكەن يىللىرىدىن تارتىپلا پانتۈركىزمنى قوبۇل قىلغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇغرا دەسلەپكى مەزگىللەردە بىر دىنىي لىدېر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، كېيىن بۇ خىل ئالاھىدىلىكىدىن قوراللىق دىنىي كۈرەشنى تەشكىللەيدىغان رەھبەرلىك ئورنىغا يۈكسەلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشتىن كەچۈرگەن بۇغرا ئارقىدىن بىر تارىخچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم ئىدىيەسىنى تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان[32] دەرۋەقە، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئۆز ئەسەرلىرىدىمۇ ئۆزىنى مىللەتچى، دەپ ئاتاشتىن قەتئىي باش تارتمىغان[33].

شۇنىسى بىر رېئاللىقتۇركى، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا سىياسىي ھاياتى بويىچە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ خىتاي زېمىنىنىڭ بىر پارچىسى ئەمەسلىكىنى ۋە يەرلىك خەلقنىڭمۇ خىتاي نەسلىدىكىلەر ئەمەس، ئەكسىچە تۈرك مىللىتىگە مەنسۇپ كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تەكىتلەيدۇ[34]. بۇغرانىڭ بۇ خىل كۈرەشلەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشى ئۇنىڭ پانتۈركىزم تەرەپدارى، دەپ كۆرسىتىلىشىنىڭ

(31) Mehmet Emin Buğra, *Külliyat* (CD, 4.2.1-14).

(32) Ni Yuching, “Muhamet İmin Buğra Kandak Kişi”, sayı: 4, s. 56; Zhang Jikang, “İslam Dini”, Hoten’ning Kiskiçe Tarihi, c. II, s. 491-492.

(33) - مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەسەرلىرى، 181 – 187 – بەتلەر.

(34) مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەسەرلىرى، 271 – 313 – بەتلەر.

ئەڭ گەۋدىلىك پاكىتلىرىنىڭ بىرىنى تەشكىل قىلغان. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىر تەرەپتىن، خەلقىنىڭ خىتايلىق ئەمەسلىكىنى، ئۇ خەلق ياشىغان جايلارنىڭمۇ خىتاينىڭ ۋەتىنى ئەمەسلىكىنى تەكىتلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تۈركىستان خەلقىنىڭ رۇسلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالماسلىقى ئۈچۈن مۇشەققەتلىك قەدەملەرنى باسقان. تېخىمۇ مۇھىمى مىللىي تۇيغۇنىڭ ھاسىل بولۇشى ۋە بۇ ئارقىلىق خەلقىنىڭ ئۆز – ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش، ئۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## 3- ئىسلامچى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا

پانئىسلامىزم ياكى ئىسلامچىلىق ئۇقۇمى 1870- يىللاردىن تارتىپ غەرب كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى ئىسلام دۇنياسىدا پەيدا بولغان مىللىي ۋە دىنىي تۇيغۇلارنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان[35]. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، 19- ئەسىردىن باشلاپ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ چوڭ كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويۇشى پەقەت خەلىپىلىككە قاراشلىق زېمىنلاردىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئاسىيا قىتئەسىدىكى باشقا مۇسۇلمان خەلقلەر ئارىسىدىمۇ كۈچلۈك ئەندىشە پەيدا قىلدى. ئۇ مەزگىلدە مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇن جايلىرى خىرىستىيان غەربىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى، يەنە بىر تەرەپتە، تۈركىستان جۇغراپىيەسىنىڭ كۆپ قىسمى رۇسىيەنىڭ، قالغان قىسمى خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرىپ قالدى. بۇ ئەھۋال ناھايىتى تەبىئىي ھالدا مۇسۇلمان زىيالىيلارنى قايغۇغا سالدى ۋە ئۇلارنى قۇتۇلۇشنىڭ چارىلىرىنى ئىزدەشكە يۈزلەندۈردى. نەتىجىدە مەۋجۇت ۋەزىيەت پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك ئورنىتىشىنى شەرت قىلدى. كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ ئېقىم ‹ئىسلامچىلىق› دېگەن نام بىلەن تونۇلغان بىر ئىدېئولوگىيەگە ئايلاندى[36]. گەرچە دەسلەپتە ھاكىمىيەتكە قارشى قاتلاملارنىڭ ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن[37] بولسىمۇ، غەرب مەنبەلىرى، ئۆزگىرىش تەرەپدارى ھەرىكەت - ئىسلامچىلىق ئېقىمىنىڭ ھەم ئاساسچىسى ھەم ئەمەلىيلەشتۈرگۈچىسىنىڭ ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد ئىكەنلىكىنى

(35) Merthan Dündar, *Panislamizm'den Büyük Asyacılığa*, s. 58.

(36) Merthan Dündar, *Panislamizm'den Büyük Asyacılığa*, s. 57

(37) M. Saffet Sarıkaya, “Osmanlı Türkiye'sindeki İslamcılık Düşüncesine Genel Bir Bakış”, sayı: 1, s. 105.

يازىدۇ[38]. ئېتىقاد، ئىدىيە، ئەخلاق، سىياسەت، باشقۇرۇش ۋە قانۇن نۇقتىسىدىن ئىسلامنى ھاياتنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىش، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىك ۋە ھەمكارلىق ئورنىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىسلامچىلىق ئىدېئولوگىيەسىگە[39]، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەرىكىتىنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ناھايىتى روشەندۇر.

دەرۋەقە، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا سىياسىي كۈرىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ۋە قېرىنداشلىقىغا مەركەزلەشتۈرگەن. ئۇ يەنە ئەسەر ۋە نۇتۇقلىرىدىمۇ بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن. 1957- يىلىنىڭ ماي ئېيىدا ئەرەب ئەللىرىنى زىيارەت قىلىش ئەسناسىدا ئېلان قىلغان «ئەرەب دۇنياسىغا چاقىرىق» ناملىق ئەسىرىنى «ئى مۇسۇلمانلار! 50 مىليون قېرىنداشلىرىڭلارنى ئەسلەڭلار» دېگەن بىر مۇقەددىمە جۈملىسى بىلەن باشلىغان. بۇغرا ئۇ ماقالىسىدە، ئاسىيا قىتئەسىدە رەزىل مۇستەملىكىچىلىك تۈرلىرىنىڭ ئەڭ شىددەتلىكى راۋا كۆرۈلگەن، شۇنداقلا ئەڭ ئېغىر زۇلۇم – ستەملەرگە دۇچار بولۇۋاتقان 50 مىليون مۇسۇلماننىڭ بارلىقى ھەققىدە توختىلىدۇ. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا كىتابىدا، ئەرەبلەرگە قىسقىچىلا قىلىپ ئۇلارنىڭمۇ باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا ئاللاھقا ئىشىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ۋە بۇ ئۇلۇغ كىشلەرنىڭمۇ جانلىرى، مال – مۈلكى، ئىلمى ۋە ھۈنەر – سەنئەتلىرى ئارقىلىق باشقا مۇسۇلمانلاردەكلا ئىسلام دىنىغا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن. بۇغرا ئەرەب خەلقىگە خىتاب قىلىپ، «قېرىنداشلىرىم! سىلەرنى پەقەت ئەرەب مىللەتچىلىكى يولىدا كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىمايمەن. چۈنكى، ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنى بولغان ئىسلام يولىدا كۈرەش قىلىشقا بۇيرۇغان» دېگەن[40]. ئەسلىدە بۇغرانىڭ بۇ سۆزلىرى ئېتنىك ئايرىمچىلىققا قارشى ئۈممەتچىلىك ئېڭىنى تەكىتلەشنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا 5 مىليون كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنغا ئورۇنلاشقان ئىسلام دىنى يوقىتىلماقتا ۋە بۇ رايوندا مۇسۇلمانلىق تۈگەپ كەتسە، بۇ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسىنىڭ ئاجراپ كېتىشى دېگەنلىك بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، تۈركىستان، ئىدىل – ئۇرال، قىرىم، شىمالىي كاۋكازىيە ۋە ئەزەربەيجاندا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ

(38) Merthan Dündar, *Panislamizm'den Büyük Asyacılığa*, s. 58.

(39) Mümtaz'er Türköne, İslamcılık, DİA, TDV Yay, İstanbul 2001, c. XXIII, s. 60.

(40) Mehmet Emin Buğra, "İslam Dünyasına Bir Çağrı", Külliyat, (CD, 2.30), s. 1-2. Bu eser, 1 Mayıs 1957 tarihinde Mısır'da "Nidâ İle'l-Âlemi'l-İslamî" adıyla Dâru'l-Envâr yayınevi tarafından basılmıştır.

ھەممىسى مۇسۇلماندۇر[41]. چىقىپلا تۇرغىنىدەك، بۇغرانىڭ چۈشەنچىسىدە پۈتكۈل ئىسلام جۇغراپىيەسى بىر تەن، بىر گەۋدىگە ئوخشايدۇ. بۇ دائىرىدە، تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدىمۇ ھېچقانداق پەرق يوق بولۇپ، ئەكسىچە تولۇق بىرلىك ھۆكۈمراندۇر.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا پاكىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۈچلۈك ئۈممەتچىلىك ئېڭىنى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا سىڭدۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇ بۇ دائىرىدە، ئۇ يەرنىڭ ئىزىلگەن مۇسۇلمانلىرىغا كوممۇنىست مۇستەملىكچىلەر تەرىپىدىن راۋا كۆرۈلگەن زۇلۇمنىڭ تاقەت قىلغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاتقان ۋە پاكىستان مۇسۇلمانلىرىنى دىنىي قېرىنداشلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا چاقىرغان[42]. ئۇ يەنە، دۇنيانىڭ بولۇپمۇ قوشنا پاكىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىن، مەدەنىيەت ۋە ھەتتا قان - قېرىنداشلىرى بولغان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن قايغۇرۇشى كېرەكلىكىنى ۋە قولىلىرىدىكى ئىمكانىيەتلىرىگە قاراپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىش ۋەزىپىلىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ خاتىرىلىتىپ ئۆتكەن[43].

بۇغرانىڭ بۇ خىل ئىدىيەسىنى پاكىستاننىڭ مىللىي شائىرى مۇھەممەد ئىقبال (ۋاپاتى 1938) بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر دىيالوگىدىن ناھايىتى روشەن كۆرۈۋالايمىز. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەينى دەۋردە پاكىستاندا زىيارەتتە بولغان جەريانىدا ئىقبال بىلەنمۇ كۆرۈشكەنىدى. ئىقبال بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان. ئىقبال، تۈركىستان تەپەككۇر جۇغراپىيەسىدە يۈز بېرىۋاتقان بەزى ئۆزگىرىشلەردىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن دۇنيادا ھەممە نەرسە قويۇق مىللەتچىلىك ئەتراپىدا ئايلانماقتا. مەن بۇنىڭغا ئوخشاش نەزەرىيەنى ئارىمىزدا مەدەنىيەتنىڭ چېھرىدە پەيدا بولغان كۆرۈمسىز داغ، دەپ قارايمەن. مېنىڭ ئەندىشەم شۇكى، ئاسىيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە تار مىللىيەتچىلىك ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان بولسا، بۇ ناھايىتى يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئىسلام دۇنياسىنىڭ دىنىنى ھىمايە قىلىش يولىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتۇر. ئاسىيا ئەللىرىنى نۆۋەتتىكى ناچار ۋەزىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى خالايدىغان بولساق، بۇنىڭ بىرلا يولى بار. ئۇ بولسىمۇ، ‹ئىسلام نەزەرىيەسىنى قوبۇل قىلىش، مىللىي ئۇستۇنلۈك پىكرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ

(41) Mehmet Emin Buğra, “İslam Dünyasına Bir Çağrı”, Külliyat, (CD, 2.30), s. 1-2.

(42) Mehmet Emin Buğra, Karaçi Üniversitesinde Yaptığı Konuşma, 30/03/1958, s. 5.

(43) Mehmet Emin Buğra, Karaçi Üniversitesinde Yaptığı Konuşma, 30/03/1958, s. 6-7.

ئومۇمىي مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇشتىن ئىبارەت تۆپ ئىدىيەنى قوبۇل قىلىشتۇر.› مەن بۇ دائىرىدە شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ چوڭ تۇرانچىلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ كېتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن». بۇنىڭغا ئاساسەن بۇغرا مۇنداق دەيدۇ: «ئىقبالنىڭ بۇ تەدبىرانە پىكىرلىرى بىزنىڭ ئىنقىلاب مەپكۇرىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىدىن بىرىنى تەشكىل قىلدى. دەرۋەقە بىز ئىنقىلابنى باشلىغاندا، بۇ جەھەتتىكى قارارىمىز قىسقىچە قىلىغاندا، تار مىللەتچىلىك تۇيغۇلىرىدىن يىراق تۇرۇش، بىر ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ چىقىش ۋە ئىسلام مەملىكەتلىرى بىلەن سەممىي دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئىدى». ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىقبالنىڭ بۇ ئارزۇسى سۇغا چىلاشقىنى يوق، ئۇ ھېلىھەم ئۆز پېتى تۇرماقتا. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇسۇلمان خەلقى بۇنىڭدىن 27 يىل ئىلگىرى باشلىغان ئەركىنلىك ئۇرۇشىنى ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرماقتا. ئىقبال خۇش بىشارەت بەرگەن بەختىيار ۋە كۈچلۈك ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ساپ ئىمانىنى مۇھاپىزەت قىلماقتا. ھازىرقى ئەھۋالدا شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلىپ تۇرۇۋاتقان كوممۇنىست خىتاينىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي بېسىملىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇ مەملىكەت ئاھالىسى پۈتكۈل ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ كۈرەش قىلماقتا(44).». بۇ سۆز شۇنى كۆرسىتىدۇكى، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە ئىسلام داۋاسىدىن ھەرگىزمۇ ۋازكەچمىگەن.

مېنىڭ بۇ يەرگىچە نەقىل كەلتۈرگەن مەلۇماتلىرىمدىن شۇ نۇقتا چىقىپ تۇرىدۇكى، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئېتنىك مىللىيەتچىلىك داۋاسى قىلمىغان؛ مىللىي تۇيغۇ ۋە كىملىكنى تەكىتلىسىمۇ قەتئىي ھالدا ئىرقچىلىق يولىغا كىرىپ قالمىغان. چۈنكى، ئىرقچىلىق دىن بىۋاستە مەنئى قىلغان ناچار خىسلەتتۇر(45). شەكسىزكى ئۇ، ئىسلامىي پىرىنسىپلار دائىرىسىدە ئىنساننىڭ شەرىپىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان.

(44) Mehmet Emin Buğra, Sialkot’ta İkbali Anma Töreninde Söylediği Konuşma, 25 Nisan 1958, (CD. 5.1.5), s. 1-3.

(45) Hz. Peygamber’e *“Kişinin kavmini sevmesi asabiyet/ırkçılık sayılır mı?”* sorulmuş ve o (s.a.s), **“***Hayır, sayılmaz. Asıl asabiyet/ırkçılık, kişinin kavminin yaptığı zulme yardımcı olmasıdır.”* buyurmuştur. Hadis için bkz. Ahmed b. Hanbel, el-Müsned, c. IV,4 s. 107; Mecmau’z-Zevaid, c. VI, s. 244. Hz. Peygamber, başka bir hadiste ise “Asabiyet (kavmiyetçilik) davasına kalkan, onu yaymaya çalışan, bu dava yolunda mücadeleye girişen bizden değildir.” demiştir. Hadis için bkz. Ebû Dâvud, es-Sünen, Edeb 112.

## 4- زامانىۋى دەۋر دىنىي چۈشەنچە سىستېمىسىدىكى ئورنى

خوتەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ چېتىغا جايلاشقان رايونلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، قەشقەر ھەمدە ھىندىستانغا بارىدىغان يوللارغا يېقىن بولۇشى سەۋەبىدىن تاشقى دۇنياغا پۈتۈنلەي تاقىلىپ قالغان جاي ئەمەس ئىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ مەدرىسەدە ئوتتۇرا سەۋىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان يىللاردا خوتەنگە چەت ئەلنىڭ بىر قىسىم گېزىت - ژۇرناللىرى ئەۋەتىلگەن. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بۇ گېزىت – ژۇرناللارنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، خوتەننىڭ چوڭ نەسەبلىك ئائىلىلىرىدىن بىرى بولغان تاغىسىنىڭ ئۆيىدە چەت ئەللەردىن كېلىپ – كېتىپ تۇرىدىغان مېھمانلار ھېچقاچان كەم بولمايتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا تاغىسى بىلەن مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ – ئۆتكەن سۆھبەتلەرگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سالاتتى. ھەتتا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ 1913 – يىلىدا تۈركىيەدىن خوتەنگە كەلگەن بىر مۇئەللىمدىن زامانىۋى مائارىپ تۈزۈمى ۋە دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە بەزى نەرسىلەرنى ئۆگەنگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ[46].

«ئىتتىھات ۋە تەرەققىي» (بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى) جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈركىستانغا ئەۋەتىلگەن ئادىل ھېكمەت ئەپەندى 1917 – يىلىنىڭ باشلىرىدا تۆت ھەمراھى بىلەن خوتەنگە كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنى «ئالتۇنلۇق مازار مەدرىسەسى» نىڭ ئوقۇتقۇچىسى قاسىم ئەپەندى كۈتۈۋالغان. بۇ يەردە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان قاسىم ئەپەندىنىڭ تۈركىيەلىك مۇئەللىم ئەھمەت كامال ئىلقۇل قەشقەردە ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇش پۈتكۈزگەنلىكى پەرەز قىلىنىدۇ. ئادىل ھېكمەت ئەپەندى دوستلىرى بىلەن خوتەندە بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ. بۇ ۋاقىت ئىچىدە خوتەندە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ياخشى پىكىر ئالماشتۇرىدۇ[47]. بۇ مەزگىلدە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، ياكى ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى ئېيتىش مۇمكىن. شۇڭلاشقا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانى ئوسمانلى جۇغراپىيەسىدە پەيدا بولۇپ كېيىنكى «ئىتتىھات ۋە تەرەققىي» جەمئىيىتىنىڭ پىكىرلىرى بىلەن تونۇشقان دېيەلەيمىز.

(46) Muhammed Emin Buğra Külliyatı, Birinci Toplam, Vesika (a) 2.1, s. 2.

(47) Adil Hikmet Bey, *Asya'da Beş Türk*, s. 286, 292.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ بۇ مەسىلىدىكى پوزىتسىيەسىنى تۆۋەندىكى قۇرلاردىن ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ بىلىدۇكى، مەن ئىسلام دىنىغا ئەڭ سادىق، زامانىۋى مەدەنىيەتنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ پايدىسىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان ئادەممەن. مەن بۇ ئىككى يولنى بىر - بىرىگە ئۇيغۇن دەپ قارايمەن ۋە بۇ نۇقتىدا ھېچقانداق گۇمانلانمايمەن[48].»

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلار ئاساس قىلىنغاندا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ يېڭىلىقپەرۋەر ۋە ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتقىلى بولىدۇ. بۇ قاراشنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تۆۋەندە بەزى مەلۇماتلارنى بېرىمىز:

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، 1958 - يىلى 27 - ئاپرېل لاھوردا ئۆتكۈزۈلگەن «مۇھەممەد ئىقبالنى خاتىرىلەش يىغىنى» دا، «ئىقبال ۋە بىر تۈركىستانلىق مۇساپىر» تېملىق ماقالىسىنى ئوقۇيدۇ. ماقالىسىدىن چۈشەنگىنىمىزدەك، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئىقبالنىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنىڭ ئىنتايىن توغرا ۋە زۆرۈر ئىسلاھ يولى ئىكەنلىكىنى تەقدىرلىگەن ھالدا تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە بولغاندا، ئىقبالنىڭ ئىسلام مەپكۇرەسى، مىللەت چۈشەنچىسى، ۋەتەن نەزەرىيەسى، ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت چۈشەنچىسى كۈندىلىك تۇرمۇشقا تەدبىقلانمىغان ھەمدە كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتى بۇنىڭغا ئاساسەن يېتىلدۈرۈلمىگەن ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان سەلبىي ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى[49]. شۇڭا ئۇ، ئىسلاھاتچى مۇتەپەككۇر ئىقبالنىڭ تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر قاتلىمىدا ئىسلامىي پىرىنسىپلارغا بويسۇنۇش كېرەكلىكى پىكرىنى ھەممە يەردە تەكىتلەيدۇ.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا زامانىۋى دەۋردىكى دىنىي چۈشەنچە سىستېمىسىدا، ئۆزىنى يېڭىلىقپەرۋەر ئۆلىما تەرەپكە قويىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەن پىكىرلەردىن باشقا، مائارىپ تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدىكى تەلەپلىرى، بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمىزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا شەرقىي تۈركىستان مائارىپىنىڭ ئىپتىدائىي ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى

(48) Mehmet Emin Buğra, “İslam ve Medeniyet”, s. 3-4.

(49) Muhammet Emin Buğra, “İkbal ve Bir Türkistanlı Mülteci”, Lahor 27 Nisan 1958, (CD, 5.1.6), s. 1.

ئۆزى قاتناشقان بارلىق سورۇنلاردا تىلغا ئالىدۇ. ئۇ بۇ سەۋەبتىن، 1945 – يىلى زامانىۋى مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى، تارىخ، جۇغراپىيە، مىللىي ئەدەبىيات ۋە ئىسلام دىنىغا ئائىت يېڭى دەرسلىك پروگراممىلىرى بىلەن، ئۇلارغا مۇۋاپىق كىتابلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى تەلەپ قىلغان. ئۇ ئىسلام دۆلەتلىرىدىن ئەكەلدۈرىدىغان دەرسلىك كىتابلىرىدىكى بەزى تېمىلارنىڭ يەرلىك شەرت – شارائىتلارغا ماسلاشتۇرۇلۇشىنى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان بۆلۈملەرنىڭ چىقىرىۋېتىلىشىنى تەكلىپ قىلغان. بۇ دائىرىدە، دىنىي مەدرىسەلەردىكى شۇ ۋاقىتنىڭ شەرتلىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى دەرسلىكلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئورنىغا ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، تارىخ ھەمدە جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەرنىڭ ئوقۇتۇلۇشىنى تەۋسىيە قىلغان[50]. بۇ يەردە دىققەتكە سازاۋەر مەسىلە، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ چەت ئەللەردىكى تەرەققىياتلارغا كۆللىيەن بويسۇندۇرماسلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ھەر ۋاقىت «مېغىزىنى تاللاپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىش» پوزىتسىيەسىدە بولغان ۋە ھەر دائىم ۋەتەنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتقان.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ پىكرىچە بولغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا دىن ئالىملىرى، بولۇپمۇ فىقھ ئالىملىرى كۆپ ئىدى. ئۇلار پەقەت دىنىي ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنىلا بىلەتتى. ئەمما، ئۇلار سىياسىي، ھەربىي، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە سانائەت قاتارلىق دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭچە، بۇ ئاجىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردە پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆلىما ۋە تالىپلارنىڭ ھەر خىل ساھەلەر بويىچە ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار ئۆگەنگەن يۇقىرى سەۋىيەلىك دىنىي ئىلىملەر بىلەن ئىسلام ئەخلاقى، خەلقنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھاياتىنى ئىسلاھ قىلىشقا خىزمەت قىلاتتى. شۇڭا، ئۆگەنگەن پەن بىلىملىرى ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقىغا، مىللىتىنىڭ ئەركىنلىكىگە ۋە دۇنيا سائادىتىگە خىزمەت قىلسا، بۇ خەلقىمىز ئۈچۈن دەل جايىدا قىلغان خىزمەتلەر ھېسابلىناتتى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا قىلغان سۆزلىرىدە،

(50) Mehmet Emin Buğra tarafından Türkistan maarifinin ıslahı için Çin Merkezi Eğitim Bakanlığına sunulmuş bir teklif. Bkz., Altay Dergisi, yıl: 1945, sayı: 17-18.

«ئىنسانلارنىڭ ئەڭ خەيرلىكى، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغىنىدۇر[51]» دېگەن ھەدىسى شەرىفكە ئاساسلانغان.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا مەدەنىيەت دەۋرى، دەپ تەرىپلەنگەن ۋە ئۆزى تەۋە بولغان زاماندىكى مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت ھاياتىنى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈپ خۇلاسىلىگەن. بۇلاردىن بىرىنچىسىگە جاھىل دەرىجىسىدىكى دىندار كىشىلەرنى؛ ئىككىنچىسىگە جاھىل دەرىجىسىدىكى دىنسىزلارنى؛ ئۈچىنچىسىگە ئوتتۇرا يولنى تۇتقان ئىنساپلىق كىشىلەرنى كىرگۈزگەن. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىسلام دىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا بىر مەدەنىيەت دىنى بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى بىلەن يېڭى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىرى ئارىسىدا زىتلىق يوق ئىدى. ئەكسىچە، بۇ ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنى قوللاش ئارقىلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مۇكەممەللىكنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى. بۇ مەسىلىدە، بۇرۇنقى ياكى يېڭى دەۋر ئىسلام ئۆلىمالىرى مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، ھېچقانداق تالاش – تارتىش يوق ئىدى. يەنە كېلىپ، غەربتىكى بىتەرەپ ۋە ئىنساپلىق بەزى بىلىم ئادەملىرى دىن بىلەن مەدەنىيەت ئاساسلىرىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان ئىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ پىكرىچە بولغاندا، ئىسلام جۇغراپىيەسىدە دىنچىلار بىلەن دىنسىزلار ئارىسىدا كۈرەش ھېلىمۇ داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇ ھەر ئىككى گۇرۇپپىدىكىلەر، ئىسلام ۋە ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرىنى ئوخشاش دەرىجىدە بىلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ياكى جاھىللىقى سەۋەبىدىن ئۆگىنىشنى خالىمىغانلىقلىرىدىن؛ تېخىمۇ يامان بولغىنى ھەم ئىسلامغا ھەمدە ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرىغا زىت بولغان خۇراپاتلار ۋە بىدئەتلەرنى دىن ئەھكامى، دەپ تونۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئىسلامغا تۆھمەت قىلغان. ئاساسەن، ئۇلارنىڭ رەت قىلغىنى، ئەسلىدە ئىسلام دىنى ئەمەس. ئۇلار ئىسلام دىنىغا يۇقۇپ قالغان خۇراپاتلار ۋە ئاساسسىز سەپسەتىلەرنى رەت قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى دىندارلار مەدەنىيەتنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن تونىيالمىغان. دىنسىزلار بولسا، جەمئىيەتتە ئەخلاقسىزلىق ۋە زىيانلىق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ گۈزەللىكلىرىگە ئىنچىكە زىيان سالغان[52].

(51) Buhârî, Mağâzî, 35; Muhammed Emin Buğra Eserleri, s. 87-90.

(52) Mehmet Emin Buğra, “İslam ve Medeniyet”, Altay Dergisi, Chongqing, Ocak 1943, sayı: 5, s. 1-3.

## 5- مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەرىكىتىگە باھا

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلىرىمىزدىن كېيىن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ دىندارلىقىنى، بەزى دۇنياۋى دىندارلىق ئۆلچەملىرى نۇقتىسىدىن باھالاپ چىقىش تامامەن مۇمكىن. بۇ نۇقتىدىن دىندار كىشى دېيىلگەندە، بىر دىنغا ئىگە بولۇش ۋە ئۇ دىننى ياخشى كۆرۈش مەنىسىدىن بەكرەك، بىر دىنغا مەھكەم باغلانغان كىشى، دېگەن مەنا چىقىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن دىندارلىق- بىر كىشى مەنسۇپ بولغان دىنىنىڭ، ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە سىمۋوللۇق ئالامەتلىرىنى چىن كۆڭۈلدىن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا مەركەزلىشىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇش دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، دىندار كىشى دىنىنىڭ ئېتىقاد، پرىنسىپ، ئەمەلىيەت ۋە سىمۋوللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، بۇلارنى پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن كىشى دىندا ھېسابلىنىدۇ.[53] جەمئىيەتشۇناسلار دىنىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى بىكىتىپ قىلىش ئۈچۈن بەزى دىندارلىق ئۆلچەملىرىنى بەلگىلىگەن. بۇلار ئاساسلىقى ئېتىقاد، ئەمەلىيەت، تەجرىبە، بىلىم ۋە تەسىرلەردىن ئىبارەت. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ھاياتى مۇئەييەن باسقۇچلارغا كەلگىچە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش بىلەن ئۆتكەن. ھەممىگە بىلىنگەندەك، دىندارلىق – شەخسنىڭ ھەم شەكلەن ئىبادەتلىرىدە ھەمدە پۈتۈن ھەرىكەتلىرىدە نامايان قىلغان ئالاھىدە بەندىچىلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر[54]. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەرىكىتى ھەممىدىن بەكرەك، دىنىنىڭ بۇ تەرەپلىرىدە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن دىنغا ئىشەنگەن، ئېتىقادى ئۈچۈن ئوقۇغان، تەتقىق قىلغان ۋە ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيىتى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان، زىممىسىدىكى دىنىنىڭ تەسىرلىرىنى جەمئىيەت بىلەن ئورتاقلىشىش يولىدا ئەمەلىي جىھاد قىلغان.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بەزى كىشىلەر ئۆز ھاياتىدا بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىدە دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشاشقا تىرىشقان، يەنە بەزى كىشىلەر دىننى جەمئىيەتكە يېيىش ئارقىلىق دىندارلىقنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە نامايەن قىلىشقا تىرىشقان. بۇ ھەر ئىككى ئۇسۇلنىڭ ئۈستىدە ئۈچىنچى خىل دىندارلىق شەكلى مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار پائالىيەتچان كىشىلەرنىڭ دىنادارلىقى

(53) Kurt, 2008: 22’den Hasan Arslan, “Dindarlık Boyutları, Algıları Ve Uygulamaları”, Yıl: 4, C: 4, Sayı: 7, s. 13.

(54) Subaşı, Necdet, *Gündelik Hayat ve Dinsellik*, İz Yayıncılık, s. 16.

ھېساپلىنىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى پەقەت ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا ئۈستىگە ئالالايدۇ. بۇ تۈردىكى پائالىيەتچان كىشىلەر جەمئىيەتتە ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا مانا بۇ ساھەدە ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان شەخستۇر.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا 1937 – يىلى كابۇلدىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلارغا خىتاب قىلىپ يازغان بىر ئەسىرىدە، خەلقنى ئۈچرىغان يېڭىلىشتىن قايغۇرۇپ، ئۈمىدسىزلىككە پاتماسلىققا دەۋەت قىلغان. چۈنكى ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ پىكرىچە، ياش ئەۋلادلارنى زىممىسىدىكى خىزمەتتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىۋېتەتتى. بۇ ئۇلۇغ خىزمەتتىن ۋاز كېچىش، ئۇلارنى دۇنيادا پەس كۆرۈلۈشكە ۋە خارلىققا مەھكۇم قىلاتتى. شۇنداقلا، بۇ كىشىلەر ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بولغان «جىھاد» نى تەرك ئەتكەن بەدبەختلەر قاتارىغا داخىل قىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئايەتلەردە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۇلار چوقۇم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولاتتى[55].

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئىستىقلال يولىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئالدىغا چىققان پۇرسەتلەرنىڭ تارىختا ھېچقانداق خەلققە نېسىپ بولمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭچە، ئاساسلىق مەسىلە دۇنيا سىياسىتىنى ياخشى بىلىدىغان لاياقەتلىك، تەجرىبىلىك، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، شەرت – شارائىتلارغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشنى بىلىدىغان، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىنى قولغا ئالماسلىقى ئىدى. خەلق ۋەتىنىگە سادىق بولسىمۇ، ئەمما بىلىمسىزلىك ۋە تەجرىبىسىزلىكى تۈپەيلىدىن بۇ پۇرسەتلەرنىڭ بىكارغا ئۆتۈپ كېتىش نەتىجىسىنى پەيدا قىلغان. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا پۈتۈن بۇلارغا قارىماستىن، خەلقنى ئۈمىدۋار بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ بىر كۈنى جەزمەن تاڭ ئاتىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى قىلچىلىكمۇ يوقىتىپ قويمىغان. ئۇ بۇ نۇقتىدا، قۇرئاندىن تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

«ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىت بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن

(55) Hac, 22/11; *Muhammed Emin Buğra Eserleri*, s. 83-84.

بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز[56].»، « ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن ئاللاھ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.» مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەر ۋە باشقا ئىلاھىي مۆجىزىلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق تەكىتلىگەن[57].

خۇلاسىلىگەندە، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا «دىندارلىقنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ياشاشقا تىرىشقان بىر رەھبەر» دېگەن نەتىجىنى چىقىرالايمىز. ئۇ قىلغان ئۇرۇشلاردا چوڭ مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، خەلقى، دۆلىتى ۋە غايىسى ئۈچۈن ھەرگىزمۇ مەقسىتىدىن ۋاز كەچمىگەن ۋە بۇ نۇقتىدا ئىزچىل ھالدا ئۆز ئىرادىسىنى نامايان قىلغان. خەلقنى ھەردائىم جانلىق، كۈچلۈك ۋە خۇشال بولۇشقا چاقىرغان. خەلقنىڭ پسىخولوگىيەلىك ئەھۋالىنى يۇقىرى تۇتۇشقا ۋە كۆپ ئىلھاملاندۇرۇشقا تىرىشقان. غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە ئىرادىسىنى ھەرگىزمۇ يوقىتىپ قويمىغان.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا دىنىي ساھەدە ھېچقانداق نەرسە يازمىغان. ئەسەرلىرىدە ۋە سۆزلىرىدە، تۈركلۈك ۋە مىللەتچىلىك ئۇقۇملىرىنى كۆپ تىلغا ئالغان. ھاياتى بويىچە دىنىي كىملىكىدىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمىگەن. ئېيتىقىنىمىزدەك، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئۆتمۈشتىن بېرى تۈرك بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى قوغدىغان. ھەر پۇرسەتتە شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي زېمىنى، ئۇ رايوندا ياشايدىغان خەلقلەرنى خىتاي مىللىتىنىڭ تارمىقى، دەيدىغان قاراشقا كەسكىن قارشى تۇرغان. خىتاي مىللەتچىلىكىگە قارشى، تۈرك مۇسۇلمان كىملىكىنى ئالدىنقى پىلانغا قويۇپ كۈرەش قىلغان. شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي كىملىكىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلغان. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ھېچقاچان ئىرقىي ئەسەبىيلىك ياكى ئېتنىك ئايرىمچىلىق قىلمىغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنىي چۈشەنچىگە مايىل بولمىغان بولۇپ، پۈتۈنلەي مۇسۇلمان خەلق تەرەپدارى بولغان. مۇستەقىللىق كۆرىشىنىڭ ھەر باسقۇچىدا دىن ۋە دىندارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئەڭ يۇقىرى

(56) Ali İmran, 3/140.

(57) Muhammed Emin Buğra Eserleri, s. 86.

پەللىدە ساقلاپ قېلىشقا كۈچ چىقارغان.

بىرىلگەن ئىزاھاتلاردىن چۈشەنگىنىمىزدەك، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا دىنىنىڭ پەقەت خۇسۇسىي تەرىپى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنى جەمئىيەت سەۋىيەسىگە چىقىرىشقا تىرىشقان. مەيلى دۆلەت ئىچىدە بولسۇن ياكى خەلقئارادا بولسۇن يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ شەرت – شارائىتلىرىغا باغلاپ ياخشى چۈشەنگەن ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگۈلىگەن. ھەردائىم زامان ۋە ماكانغا قاراپ ۋەتەن دەۋاسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ھەر قاتلامدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ماختىنىشىغا سازاۋەر بولغان. مەزلۇم شەرقى تۈركىستان خەلقى، خەيرلىك دۇئالىرى بىلەن ئۇنى ئەبەدىل- ئەبەد ياد ئېتىدۇ.

## پايدىلىنىلغان مەنبەلەر:


Adil Hikmet Bey, Asya’da Beş Türk, Ötüken Yay., 1. bsk, İstanbul 1998

Ahmed b. Hanbel, Müsned, 4/107.

Altay Dergisi, yıl: 1945, sayı: 17-18.

Anthony Garnaut, “From Yunnan to Xinjiang: Governor Yang Zengxin and his Dungan Generals”, Etudes orientales N° 25 (1er semestre 2008).

Buhârî, el-Camiu’s-Sahih, Mağâzî, 35.

Büyük Ansiklopedi, (AXİS 2000), Milliyet/HACHETTE, Doğan Kitapçılık 1999, c. 4, s. 302.

Charles Y. Glock, “Dindarlığın Boyutları Üzerine”, Çev: M. Emin Köktaş, 2007, s. 256-267.

Çin’in Xinjiang Bölgesi, Editör: Li Sheng, Xinjiang Halk Yayınevi, Ürümçi 2006.

David Kushner, Türk Milliyetçiliğinin Doğuşu (3876- 1908), Tercüme: Zeki Doğan, Fener Yayınları, s. 13, 21.

Ebû Dâvud, Sünen, “Edeb”, 112.

Erkin Emet, “Mehmet Emin Buğra, Türkler Ansiklopedisi, c. 18, s. 725.

Hasan Arslan, “Dindarlık Boyutları, Algıları Ve Uygulamaları”, Hikmet Yurdu, Ocak – Haziran 2011, Yıl: 4, C: 4, Sayı: 7, s. 13.

Hoten Şehri Tarih Materyalliri, Editör Abdullah Süleyman, Hoten 2010.

İsa Yusuf Alptekin, Esir Doğu Türkistan İçin, Derleyen: M. Ali Taşçı, İstanbul 1985.

Kur’an-ı Kerim.

Kurban, N., “Çağdaş Uygur İslam Düşüncesinin Önderi Abdulkadir Damolla”, Ahmet Yesevi Üniversitesi Mütevelli Heyet Başkanlığı, bilig, Bahar/ 2010, sayı 53, Ankara (2010), s.167-170.

Li Dung fang, “Şincanglıklar Türk mü?”, Zhongyang Rıbao gazetesi,14 Ekim 1944 Chongqing.

----------, “Yineleyelim: Şincanglıları Türk, Şincang Eyaletini Türkistan Demek Doğru

Değildir", Zhongyang Ribo gazetesi, 2-3 Kasım 1944 Congqing.

Liu Zi Xiao, Uygurlar Tarihi, 2. Kısım, Şincang Helk Neşriyatı, Ürümçi 2003.

M. Saffet Sarıkaya, "Osmanlı Türkiye'sindeki İslamcılık Düşüncesine Genel Bir Bakış", Arayışlar -İnsan Bilimleri Araştırmaları, 1999/1, cilt: I, sayı: 1, s. s. 105.

Mecmau'z-zevaid, 6/244.

Mehmet Ali Alioğlu, "Üç Efendiler Hareketinin Doğu Türkistan Doğu Türkistan Siyasi Tarihindeki Yeri ve Önemi", Doğu Türkistan'ın Sesi dergisi, XXIII/67-68 (2006), s. 2-3.

Mehmet Emin Buğra, "İslam Dünyasına Bir Çağrı", Külliyat, (CD, 2.30), s. 1-2.

----------, Birinci Toplam, (CD) Vesika (a) 2.1, s. 2.

----------, "İslam ve Medeniyet", Altay dergisi, Chongqing, Ocak 1943, sayı: 5, s. 1-3.

----------, "Milliyetçi Çin ve Türkistan Meselesi", Yeni İstanbul Gazetesi 14/02/1957.

----------, Karaçi Üniversitesinde Yaptığı Konuşma, 30/03/1958, s. 5.

----------, Külliyat (CD, 4.2.1-14).

----------, Sialkot'ta İkbali Anma Töreninde Söylediği Konuşma, 25 Nisan 1958, (CD. 5.1.5), s. 1-3.

----------, Şerki Türkistan Tarihi, Ankara 1998, s. 316-317.

----------, "İkbal ve Bir Türkistanlı Mülteci", Lahor 27 Nisan 1958, (CD, 5.1.6), s. 1.

Merthan Dündar, Panislamizm'den Büyük Asyacılığa, Ötüken Yay., İstanbul 2011, s. 57

Muhammed Emin Buğra Eserleri, haz: Abdulcelil Turan, Teklimakan Uygur Neşriyatı, İstanbul 2015.

Musa Carullah, "Besmele Risalesi", Kahire, 1350/1932.

Mümtaz'er Türköne, İslamcılık, Diyanet Vakfı İslam Ansiklopedisi (DİA), yıl: 2001, cilt: 23, sayfa: 60.

Necdet Subaşı, Gündelik Hayat ve Dinsellik, İz Yayıncılık, İstanbul 2004, s. 16.

Ni Yuching, "Muhamet İmin Buğra Kandak Kişi", Şincang Tezkirisi, yıl: 1995, sayı: 4, s. 56;

Niyazi Akyüz, "Dini Tecrübenin İfade Şekilleri", Atatürk Üniversitesi Din Sosyolojisi Ders Notları, 2015, s. 4.

Paul E. JOHNSON, "Dini Tecrübe", Çev: Recep YAPAREL, Dokuz Eylül Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Dergisi, 1986, sayı: 3, s. 196-197.

Sefidin Ezizi, Ömür Destanı, Milletler Neşriyatı, Pekin.

Şerif Huştar, Şinang'ning Yekinki Zaman Tarihidiki Meşhur Şehisler, Şinjang Helk Neşriyatı, Ürümçi 2000.

Şeyhülislam. M. Sabri, "İslam ve Milliyetçilik", İslam Medeniyeti dergisi, 25 Temmuz 1969, s. 45.

Tayyib Gökbilgin, "Ziya Gökalp'e Göre Halkçılık, Milliyetçilik, Türkçülük", İslam Tetkikleri Enstitüsü Dergisi, s. 209.

Zhang Jikang, "İslam Dini", Hoten'in Kiskiçe Tarihi, I-II, Şincang Halk Neşriyatı, Ürümçi 2005.

مۇسا جارۇللاھ

# «مۇۋافىقات» قا كىرىش سۆز

ئىسلام ئىلىملىرى تارىخىغا بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ، ئىنچىكە نەزەر سالغان كىشى، ئىجتىھاد ئەھلىنىڭ كۆرسەتكەن ھىممەت-ئىجتىھادلىرىغا كۆپلەپ رەھمەت ئېيتىسمۇ، ئۇلارنىڭ شەرىئەت ئېمىسىدىكى ئەسەرلىرىنى يېزىشتا قوللانغان ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىگە تولۇق قوشۇلۇپ كېتەلمەيدۇ.

مەن بۇ يەردە ئەرەپ تىل- ئەدەبىياتى ياكى قۇرئان ئىلىملىرى ھەققىدە ئەمەس، پەقەت تەپسىر، ھەدىس، فىقھ ۋە فىقھ ئۇسۇلى قاتارلىق شەرىئەت ئىلىملىرى ھەققىدىلا بەزى قاراشلىرىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن يېزىلغان قۇرئان تەپسىرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ھالبۇكى، ئۇشبۇ تەپسىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەپسىر قىلىشتا نوقۇل تىل ياكى رىۋايەت تەرەپلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان بولۇپ، «ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا يېتەكچى» سۈپىتى بىلەن نازىل قىلىنغان بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي ساھەسى ۋە ھاياتىي كۈچىگە دىققىتىنى قاراتقان بىرمۇ تەپسىر تېپىلمايدۇ. تەبەرى، كەششاف، بەيداۋىي، رازى قاتارلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى نوپۇزلۇق تەپسىرلەر مېنىڭ بۇ ھۆكۈمۈمنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

مەن بۇ سۆزۈمنى مۇپەسسىرلەرگە تەگكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن دەۋاتمايمەن، «بۇ كىتاپتىن ھېچنەرسىنى ساقىت قىلىپ قويمىدۇق» سۈپىتىگە ئىگە قۇرئان كەرىمنىڭ مەزكۇر سۈپىتىگە داغ چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن دائىما بۇ سۆزۈمنى تەكرارلايمەن. بۇ سۆزۈمنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ھەم قۇرئان كەرىمدىن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھادىسىلەرنى بايان قىلغان، ۋەھالەنكى ئۆلىمالارنىڭ دىققىتىگە نائىل بولالمىغان يۈزلەرچە ئايەتنى نەقىل كەلتۈرەلەيمەن، بۇ ئېمىدىكى ئايەتلەرنىغۇ قويۇپ تۇراي، فىقھى ئەھكاملارغا ئائىت ئايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىمۇ، تەپسىرلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا تېگىشلىك دەرىجىدە بەھس قىلىنىپ بولالمىغان.

ھەتتا تىل-بالاغەت تەرىپىنى ئالساقمۇ، مۇپەسسىرلەرنىڭ مەنىسى شۇنچە چۈشىنىشلىك، ئوچۇق تۇرغان ئايەتلەر ھەققىدىكى بىھۇدە تالاش-تارتىشلىرى

مېنىڭ يۇقارقى مۇددىئايىمغا دەلىل بولالماسمۇ؟

جازانىدەك ئىقتىسادىي مەسىلىلەر، شۇرادەك سىياسىي مەسىلىلەر، ھاراقنى ھارام قىلىشتەك ئىنسانلارنىڭ بىۋاستە بەختىگە چېتىشلىق مەسىلىلەر، شۇنداقلا نىكاھ-تالاقتەك ئائىلىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ تەپسىرلىرىدە، مۇپەسسىرلەر سادىر قىلغان ئاجايىپ نۇقسانلارمۇ ئىسپات بولالماسمۇ؟

ئەھلى كالامنىڭ ئەقىدە مەسىلىلىرى ھەققىدىكى دالالىتى ئېھتىمال ئايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈشۈپ قىلىشقان ئەدەپسىزلەرچە ھۇجۇملىرى؛ بىر ئايەتنى بىر-بىرىگە زىت دەۋالىرىغا دەلىل كەلتۈرۈشلىرى؛ < يوقلۇق شەيئىمۇ ئەمەسمۇ؟> دېگەندەك قىلچىلىك ئەھمىيىتى يوق مەسىلىلەردە قىلنى قىرىق يېرىشىپ، < مەۋجۇتلۇقنىڭ غايىسى نېمە؟> دېگەندەك ئەڭ بۈيۈك مەسىلىلەردىكى سالاپەتلىك سۈكۈتلىرى مېنىڭ يۇقارقى قارىشىمنى قۇۋۋەتلىمەسمۇ؟

ھېچبىر كىشىگە دوق قىلماقچى ئەمەسمەن، مەندە پەقەت ھەقىقەتنى تاپماق ئىستىكىدىن باشقا نەرسە يوق. بىزنىڭ تەپسىرلىرىمىز زادى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق؟

تەپسىر ئىلمىدىن قالسا ئىسلام ئالەمىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىلىم ھەدىس ئىلمىدۇر(ھەدىسشۇناسلىق). چۈنكى ھەدىسلەر بىر تەرەپتىن قۇرئان كەرىمنى بىزگە بايان قىلىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانلارنى ئىككى دۇنيالىق سائادەتكە باشلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئەھمىيىتى زور ئىلىمگە ئىسلام ئۆلىمالىرى قانداق خىزمەت قىلغان؟ بۇ توغرىلىقمۇ پەقەت ھەقنى ئىزدەش نىيىتى بىلەن لىللا مەيداندا ئىككى كەلىمە سۆز قىلىپ ئۆتەيلى.

شۈبھە يوقكى، ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەدىسلەرنىڭ سەنەدى بابىدا غايەت بۈيۈك ھىممەتلەرنى كۆرسىتىشكەن ئىدى. يەنى رىۋايەتنىڭ رەۋىشى، راۋىينىڭ ئادىللىقى، تەقۋالىقى دېگەندەك شەخسىيىتىگە ئالاقىدار نۇقتىلارغا قىلچە سەل قارىمىغان، پەۋقۇلئاددە ئىنچىكە مۇئامىلە قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەدىسلەرنى توپلاش، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زەئىپ، توقۇلما ھەدىسلەرنى تازىلاشتا قىلچىمۇ بوشاڭلىق، يېتەرسىزلىك سادىر قىلمىغان ئىدى. ئادەم ھەدىس ئەھلىنىڭ ھەدىس ئىلمىگە قوشقان تۆھپىلىرىگە مۇشۇ نۇقتىدىن نەزەر سالغىنىدا، قانائەت ھاسىل

قىلماي تۇرالمايدۇ. ھالبۇكى، ھەدىسلەرگە ‹ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى، ئىلمىي مەسىلىلەردىكى قىممىتى› نۇقتىسىدىن نەزەر سالغىنىدا بولسا، قانائەت ھاسىل قىلماسلىقى ھەرگىز ئورۇنسىز ئەمەس. چۈنكى، ھەدىس كىتابلىرىنى ئىنچىكە نەزەردە قېدىرىپ چىققان كىشى، شەرھ-بايانلاردىكى ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرنىڭ بەك كۆپلىكىنى، بىر قەدەر قىممىتى بار مەسىلىلەرنىڭ بولسا بەكلا ئازلىقىنى بايقايدۇ. لېكىن، ئىجتىمائىي ھايات مەسىلىلىرىدە ئاساس بولىدىغان، ۋە ياكى ئىلمىي تەپەككۇرنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان تەتقىقاتلار ھەدىس كىتابلىرىدا ئۇچرىمايدۇ. ئەلۋەتتە، ‹ ۋەھيي قانداق باشلانغان؟› تېمىسىدىكى ۋە ئەخلاق-پەزىلەت بابىدىكى ھەدىس شەرھلىرىنى بۇ قاتاردىن سانىمايمەن.

كېيىنكى دەۋرلەردە ھەدىس كىتابلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرى زىيادە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكەن ئىدى. ئۇلار مۇمكىنقەدەر ئىستىنبات قىلىۋالاي دېگەن ئۈمىتتە ئەڭ ئۇششاق، ئەھمىيەتسىز مەسىلىلەردىمۇ، ھەدىسلەردىن مەنە چىقىرىۋېلىشقا كۈچەپ كۈچىگەن ئىدى. ھەدىسلەرنىڭ ئەھمىيەتلىك مەنىلىرىنى بولسا، بايانلىرىنىڭ ئاخىرىغا بولسىمۇ قىستۇرۇپ قوياتتى. لېكىن، كېيىنكى زامان مۇئەللىپلىرى ھەدىسلەرنىڭ ئەھمىيەتلىك مەنىلىرىدىن سۈكۈت قىلىشىپ، ئەڭ ئۇششاق مەسىلىلەرگە ئەڭ بۈيۈك ئىشتىياق-زەۋق بىلەن ھىممەت سەرپ ئېتىشكەن ئىدى.

ھېچبىر ئادەمگە قۇسۇر يۈكلىمەكچى ئەمەسمەن. پەقەت بۇ ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈمىدى بىلەن پىكىر قىلىۋاتىمەن. ھەدىس كىتابلىرىمىز نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بوپقالغان؟

تەپسىر، ھەدىس ئىلىملىرىدىن كېيىن فىقھى ئىلمى شەرىئەت ئىلىملىرى ئىچىدە ئۈچىنچى مەرتىبىدە تۇرىدۇ. گەرچە بۇ ئىلىم قۇرئان، ھەدىسنىڭ تەرتىبى نۇقتىسىدىن ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى:

قۇرئان كەرىمنىڭ جىمىي ئىنسانلار ئۈچۈن قىيامەتكىچە باقىي ساماۋىي كىتاب ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوقتۇر، ھالبۇكى بۇ ساماۋىي ھەقىقەت پەقەت فىقھى ئىلمى ئارقىلىق ئىنسان ھاياتىغا تەدبىقلىنىش بىلەن ئاندىن جۇلاسىنى كۆرسىتەلەيدۇ. ئىسلام تەلىماتلىرى ئەڭ ئالىي تەلىمات بولالمىسا، ئىسلام فىقھى ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل، ئادىل قانۇن بولالمىسا، ئۇ ھالدا بىزنىڭ بۇ ئېتىقادىمىز ۋە

دەۋايىمىز پەقەت قۇرۇق گەپتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

ئىسلام رىسالىتىنىڭ ئاساسى مۆجىزىدۇر. ۋەھالەنكى، بۇ مۆجىزە پەقەت قۇرئانىنىڭ تۈزۈلۈشىدىلا ئەمەس، ماھىيەتتە قۇرئانىنىڭ مەنىسىدىدۇر. بۇنداق بولغاندا، قۇرئان كەرىمنىڭ يۈكسەك تەلىماتلىرى، ئىسلام شەرىئىتى ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل قانۇن بولالىشى لازىم بولىدۇ. بۇنداق بولمىسا، قۇرئان كەرىم مەنە ئېتىبارىدىن مۆجىزە بولماي قالىدۇ.

لېكىن، بىزنىڭ مەزھەپلىرىمىزدە يېزىلغان فىقھى ئەسەرلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەنە شۇ مۆجىزىسىنى نامايەن قىلالايدىغان دەرىجىدە مۇكەممەلمۇ؟قىيامەتكىچە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئادىل قانۇنى بولالايدىغان دەرىجىدە كەڭمۇ؟ ئىنسانلارغا ھەركۈن، ھەر دەۋردە ئۇچراۋاتقان مۇشكىلاتلىرىنىڭ جاۋاپلىرى بىزنىڭ فىقھى كىتاپلىرىمىزدا تېپىلامدۇ؟

ئىسلامغا بولغان مۇھەببىتىم ۋە ئېتىقادىمنىڭ تەقەززاسى بىلەن مەزكۇر سوئاللارنىڭ ھەر بىرىگە < ياق! ئۇنداق ئەمەس> دېيىشكە مەجبۇرمەن. مەن بۇنى فىقھى ئىلمىگە تەنە قىلىپ دەۋاتمايمەن. پەقەت شەرىئەتكە بولغان مۇھەببىتىم تۈپەيلى شۇنداق دەۋاتىمەن.

فىقھى كىتاپلىرىمىزدا ئىبادەت قىسمى بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە مۇپەسسەل بولسىمۇ، ئىقتىسادىي مۇئامىلە، ئىجتىمائىي ۋە خۇسۇسىي ھوقۇق، دۆلەت ئىدارە قىلىش دېگەندەك ساھەلەر ئۇ قەدەر مۇكەممەل دەرىجىدە ئەمەس. ھەتتا بەزى فىقھى كىتاپلىرىمىزدا ئىجرا قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان، ئادالەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى مەزمۇنلارمۇ مەۋجۇت.

فىقھى ئىلمىمىز نېمە ئۈچۈن بۇنداق بوپقالغان؟

مېنىڭ قارىشىمچە، ئەلۋەتتە، بارلىق مۇئمىنلەر شۇنداق قارايدۇكى، ئىسلام فىقھىسى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا ئەڭ ماس كېلىدىغان شۇنداقلا ئادالەت ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان ئەڭ مۇكەممەل قانۇن بولۇشى كېرەك ئىدى.

لېكىن بىزنىڭ فىقھى ئىلمىمىز بۇنداق بولمىغان؟

بىر- بىرى بىلەن مەيلى يىلتىز، مەيلى شاخچە مەسىلىلەردە چېتىشىپ كەتكەن بۇ تەپسىر، ھەدىس، فىقھى ئىلىملىرى نېمە سەۋەپتىن مەن دېگەندەك ھالغا چۈشۈپ قالغان؟

شۇبھىسىزكى، مەسىلە ھەرگىزمۇ شەرىئەت ئاساسى بولغان قۇرئان كەرىمدە ياكى ھەدىس شەرىفتە ئەمەس، ئەلۋەتتە، ھەر بىر مۇئمىن مۇشۇنداق تونۇشتا. ئۇنداقتا مەسىلىلەر، بۇ نۇقسانلار زادى نەدە؟

مېنىڭ پىكرىمچە، مەسىلە بىزنىڭ قۇرئان بىلەن ھەدىسكە، شۇنداقلا بۇ ئىككىسىنى مەنبە قىلغان شەرىئەتكە تۇتقان نەزىرىمىزدىدۇر. ياكى باشقىچە ئىبارە بىلەن ئىپادە قىلسام، < ئۇسۇلى فىقھى>دەدۇر.

بىزنىڭ يېزىلغان ئۇسۇلى فىقھى كىتاپلىرىمىزدا ئومۇمەن دېگىدەك، شەرىئەت دەلىللىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئىككى ئاساس ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان. بىرى شارىئ (قانۇن قويغۇچى)دىن كەلگەن ئەمىر بولۇپ بۇ، دىنىي مەسىلىلەرنىڭ تۈپ ئاساسى ھېساپلىنىدۇ. يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىھاد قىلىشى ياكى ئىجتىھادى ئاساسىدا شەكىللەنگەن پرىنسىپلاردۇر. مۇشۇ ئىككى ئاساس ئۆيچۆرىسىدە ئۇسۇلى فىقھ (فىقھ ئۇسۇلى) چوڭ جەھەتتىن دەلىللەر ۋە ئەھكاملار قىسمى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. كۆپىنچە مۇئەللىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە بىرىنچى قىسىم ئىچىدە قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ ۋە قىياس بايان قىلىدۇ. قۇرئان ئۈستىدە گەپ بولغاندا، تەتقىقات ئاساسەن تىل نۇقتىسىدا، يەنى قۇرئان لەۋزىنىڭ دالالەت، ئىستىھالدىكى مەنالىرى ئۈستىدە مەركەزلىشىدۇ. بەھس ئاساسەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش مەسىلىلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. سۈننەتنى بايان قىلغاندا بولسا- كۆپىنچە مۇئەللىپلەرنىڭ ئادىتىدە- تىلغا ئالاقىدار تەرەپلەر ئاساسەن تىلغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەر قۇرئان قىسمىدا تەتقىق قىلىنىپ بولغاچقا، يەنە تىلغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ. بۇ قىسىمدا تەتقىقات سۈننەتنىڭ سەنەدىگە مەركەزلىشىدۇ. بەزىدە بۇ ھەقتىكى ئېتىرازىي قاراشلارمۇ زىكىر قىلىنىدۇ. لېكىن، مەلۇمكى بۇنىڭلىق بىلەن سۈننەتنىڭ دالالىتىگە دەخلى يەتمەيدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن، نۆۋەت ئىجمائقا كېلىدۇ. بۇ قىسىمدا، ئىجمائنىڭ مەنىسى، ھۆججەتلىكى ۋە دەرىجىلىرى تەھلىل قىلىنىدۇ. ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئىجمائ ئىلمىي مەسىلىلەرنى بېكىتىش، تۇرغۇزۇشتا دەلىل بولمايدۇ، ئۇ پەقەت مەلۇم بىر ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشتا قوللىنىدىغان مەلۇم بىر ۋاستىدىنلا ئىبارەت. ھالبۇكى، فىقھى ئۇسۇلى ئالىملىرى ئىجمائنى بىر دەلىل، ھەتتا ئەڭ چوڭ بىر دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. گەرچە، ئىجمائ قانۇن چىقىرىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە

تېگىشلىك مۇھىم بىر مەنبە بولسىمۇ، بىزنىڭ ئالىملىرىمىز بۇ تەرەپكە قىلچىلىك ياكى تېگىشلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىنسان ھاياتىنىڭ ئۆزگىرىش، تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىپ ماڭىدىغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى ۋە كەڭلىكىگە بىر داغ چۈشكەن. مىڭ يىل بۇرۇنقى فىقھى ئىلمىمىز قانداق بولسا، بۈگۈنكى كۈنىمىزدىمۇ شۇ پېتى قالغان.

ئىجمائىدىن كېيىن قىياسقا كېلىدۇ. قۇرئان، ھەدىس ياكى ئىجمائ بىلەن سابىت بولغان مەلۇم ھۆكۈمنى باشقا مەسىلىلەرگە تەدبىقلاش ئۈچۈن، قىياس بابىدا قىياسنىڭ شەرتلىرى زىكىر قىلىنىدۇ. مەزھەپلەرنىڭ قىياسنىڭ شەرتلىرى ۋە ھۆججەتلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شارىئ تەرىپىدىن ھۆكۈمنىڭ ئىللىتى زىكىر قىلىنمىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىللەت مۇتەئەددىينى ( تەسىر قىلغۇچىنى سەۋەپنى) تېپىش تولىمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ. تېپىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇشبۇ تېپىلغان سۈپەتنىڭ ئىللەتلىكىگە دەلىل تېپىشمۇ ئوخشاشلا ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ياكى ئىللەتلىكى ئېھتىمال نەرسىلەر خىلمۇ-خىل بولۇپ قېلىپ، قىياس بىزگە پەقەت نۇرغۇن ئىختىلاپتىن باشقا بىر نەرسە تېپىپ بەرمەيدۇ. بۇ سەۋەپتىن، قىياسنىڭ ھۆججەتلىكىگە ئىسلام شەرىئىتى ئۇنچىۋالا كەڭ يول بەرمىگەن.

دېمەك، شەرىئەت دەلىللىرى ھەققىدە ئۇسۇلى فىقھىنىڭ قاراشلىرى تىل ۋە رىۋايەت تەرىپىنىڭ سىرتىغا چىقالمىغان. مېنىڭ گۇمانىمچە، ئەھلى ئىجتىھادنىڭ ئىجتىھادلىرىمۇ ئەشۇ ئىككى چەك ئىچىدە چەكلىنىپ قالغان.

مۇشۇنداق بىر پرىنسىپ ئۈستىگە تەپسىر، ھەدىس، فىقھ قاتارلىق ئەڭ مۇھىم شەرىئەت ئىلىملىرى بەرپا قىلىنغان. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ئۈچ ئىلىمنىڭ يۇقارىدا تىلغا ئېلىنغان نۇقسانلىرى دەل مۇشۇ سەۋەپتىن كېلىپ چىققاندۇر.

مۇپەسسىرلەر قۇرئان ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلغاندا، ئومۇمەن بىر خىل يول تۇتۇپ، ھەم تەپسىر، ھەمدە دەلىللەشنى فىقھ ئۇسۇلى كىتاپلىرىدا بايان قىلىنغان پرىنسىپلار ئۈستىگە قۇرغان بولسىمۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرىنى تىل ۋە رىۋايەتتىن ئىبارەت ئىككى چەك ئىچىدە مۇھاسىرە قىلىپ، تەپەككۇر، ئەقىل بىلەن بايقاش مۇمكىن بولىدىغان مەنىلىرىنى ئاساسەن نەزەردىن ساقىت قىلغان. ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن قانۇن بولىدىغان شەرىئەت

ئەھكاملىرىغا دەلىل بولىدىغان ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدىمۇ پەقەت، ئام، خاس، ئىبارە، ئىشارە، مۇھكەم، مۇجمەل قاتارلىق تىل تەرىپى بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۇشبۇ ئەھكامنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيتى، تەسىرى، قىممىتىگە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمىگەن. مانا بۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تۇرغۇنلۇقىغا، يەنى تەرەققىي قىلماي بىر ھالدا تۇرۇپ قېلىشىغا سەۋەپ بولغاندۇر.

ھەدىس ئالىملىرىمۇ مۇپەسسىرلەرگە ئوخشاش ھۆكۈم ئېلىش، دەلىللەشلىرىنى فىقھ ئۇسۇلى كىتاپلىرىدا بايان قىلىنغان ئاساسلار ئۈستىگە قۇرغان، ھەدىسلەرنىڭ تىل قىسمىغا قارىغاندا رىۋايەت قىلىنىشىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەن. ئىنسان ھاياتىغا قانۇن، ئىبادىتىگە يول بولىدىغان ئەڭ مۇھىم ئەھكام مەسىلىلەردە بىر ھەدىسنىڭ ئوخشىمىغان رىۋايىتلىرىگە تايىنىۋالغان. بۇ يەردە مۇنداق ئىككى خاتالىق مەۋجۇت: بىرى، دەلىل بولالمايدىغان نەرسىلەرنى دەلىل قىلىۋېلىش، يەنە بىرى قانۇندەك ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى ئېھتىماللىق لەۋزىلەرگە بويسۇندۇرۇپ قويۇش. ئۇششاق مەسىلىلەرنىڭ ھەربىرىگە ھېسابسىز رىۋايەتلەرنى زىكىر قىلىپ، ئەھمىيتى زور مەسىلىلەرگە بىر ھەدىس بولسىمۇ زىكىر قىلماسلىقتەك بۇ ئەھۋال، شۈبھىسىزكى، شەرىئەت دەلىللىرىگە بولغان قاتمال قاراشتىن، ياكى ئىنسان ھاياتىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن كېلىپ چىققاندۇر.

مۇھەددىسلەر ھەدىسلەر، مۇپەسسىرلەر ئايەتلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، بايانلىرىنى دائىم فىقھ ئۇسۇلى كىتاپلىرىدىكى پىرىنسىپلار ئۈستىگە قويۇپ، قۇرئان-ھەدىسنىڭ مەقسەتلىرىگە، قانۇن بولىدىغان مەسىلىلەرنى ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيىتىگە تېگىشلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن. چۈنكى، ئۇلار ئاساس قىلىدىغان پىرىنسىپلىرىنىڭ دائىرىسى يېتەرلىك دەرىجىدە كەڭ ئەمەستۇر.

فىقھ ئىلىملىرىمىزگە كەلسەك، بىزنىڭ فەقىھلەر (فىقھىچىلار) نەسىنىڭ دالالىتىگە ۋە رىۋايەتكە زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ، شەرىئەت ئەھكامىنى شۇ ئىككى ئاساس ئۈستىگە بىنا قىلغان. ئەگەر بىر رىۋايەت تېپىلىپ قالسا، ياكى فىقھ ئۇسۇلى كىتاپلىرىدا بايان قىلىنغان بىرەر يول بىلەن زورۇقۇپ تۇرۇپ،

ياكى تەئۋىل بىلەن نەسىنىڭ[1] دالالىتى بېكىتىلگەندەك بولسا، ئۇ چاغدا باشقا تەپسىلاتلاردىن گەپ قىلىنمىغان. تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر ئىلىم نۇقتىسىدىن يەنىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قېلىۋەرگەن. ھاياتنىڭ نىزامىغا، ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجلىرىغا قىلچىلىك پايدىسى بولمىغان.

جازانىدەك تېخىچە ھەل قىلىنمىغان چوڭ مەسىلىلەر، ۋاقتلىق ھالاللىش، ھىلە شەرئىيەدەك ئىسلامنىڭ يۈزىگە قارا سۈۋايدىغان، ئىسلامغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان قىلمىشلار مېنىڭ ئۇشبۇ سۆزلىرىمنى قۇۋۋەتلىمەسمۇ؟

بولۇر-بولماس ئۇششاق مەسىلىلەردە ئاجايىپ ئەزۋەيلەپ، جەمىيەتنىڭ، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە تامامەن سۈكۈت قىلغان، ياكى سۆزلەپ قويۇپلا ھەل قىلمىغان فىقھى كىتاپلىرىمىز مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمگە گۇۋاھ بولالماسمۇ؟

«مەدەنىيەت يولىغا قەدەم ئېلىپ بولدۇق» دەۋاسىدە بولغان ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھېچبىرى نېمە ئۈچۈن ئىسلام قانۇنى، شەرئىتى بويىچە ئىدارە قىلىنمايدۇ؟

ئۆمۈر بويى قۇرئان-ھەدىس ئوقۇغان، بەش-ئون توم پەتىۋا كىتاپلىرىنى مۇتالىئە قىلىپ بولغان فىقھچىلار مىللەت ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىسلاھاتلارغا ھازىر بولالمايدۇ؟

بۇ ئىسلام ھۆكۈمەتلىرى ئىسلام شەرئىتىنى تاشلاپ قويۇپ، ياۋروپا قانۇنلىرىغا ئىلتىجا قىلىشتىن نېمىشقا نومۇس قىلىشمايدۇ؟ «بۇنداق مۇۋاپىق قانۇنلار ئىسلام شەرئىتىدە تېپىلمايدۇ» دېيىشتى ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا بىزنىڭ فىقھى ئىلىملىرىمىز بىزگە نېمىشقا شۇنداق مۇۋاپىق قانۇنلارنى تەمىن ئېتەلمىدى؟ ۋە ئېتەلمەيدۇ؟

شۇنداق قارايمەنكى، مانا مۇشۇ سوئاللارنىڭ ھەر بىرى مېنىڭ يۇقارقى دەۋالىرىمغا ئىسپات بولالايدۇ.

مەن بۇ دەۋالىرىمدە نىيىتىم خالىس، ھەممىدە ئىشەنچ بىلەن سۆزلەۋاتىمەن. لېكىن، خۇداغا ئايانكى، ھەرگىزمۇ مەن ئىسلام ئىلىملىرىگە تەنە قىلىش نىيىتىدە

(1) دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدىغان قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئىبارىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، فىقھ ئۇسۇلى مەنبەلىرىدە لەۋزىنىڭ ئوچۇق بولۇپ بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئاتالغۇ.

ئەمەس، بەلكى ئىسلام شەرىئىتىگە بولغان يۈكسەك بىر مۇھەببەت، چوڭقۇر بىر ئېتىقاد بىلەن بۇلارنى سۆزلەۋاتىمەن. چۈنكى، ماڭا شۇ ئېنىقكى، قۇرئان كەرىم ھەم مۇقەددەس، ھەم مۆجىزە بولغان ساماۋىي كىتاپتۇر. مۆجىزىسى پەقەت ئۇنىڭ نەزمىي شەكلىدىلا ئەمەس، مەنىسىدىدۇر. بۇنداق بولغانىكەن، قۇرئان كەرىمگە مۇناسىپ مۆجىزىدار شەرىئەت، يەنى مەدەنىيەت ئالىمىدە مىسلى تېپىلماس دەرىجىدە مۇكەممەل شەرىئەت ياكى قانۇن ئىسلامىيەت ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى. ۋەھالەنكى، ئەنە شۇنداق مۇكەممەل قانۇننى بەرپا قىلىدىغان ۋە مەدەنىيەت ئالىمىدە قوبۇل قىلىناالايدىغان دەرىجىدىكى فىقھى ئىلىملىرى نېمىشقا ئىسلام دۇنياسىدا تېپىلمايدۇ؟ شۈبھىسىزكى، تېپىلىشى كېرەك ئىدى.

مېنىڭ قارىشىمچە، شەرىئەت ئىلىملىرىمىزنىڭ، خۇسۇسەن فىقھ ئىلىملىرىمىزنىڭ يۇقارىقىدەك نۇقسانلىرى شەرىئەت دەلىللىرى ۋە ئەھكاملىرىنى تەتقىق قىلىدىغان نەزەرىيە ئۇسۇلى فىقھىدىن كېلىپ چىققاندۇر. چۈنكى، ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان فىقھ ئۇسۇلى كىتاپلىرى ئۈستىدە قەيت قىلىنغان ئۇسلۇپلار ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ھېچبىرى قۇرئان-ھەدىستە بايان قىلىنغان ئەڭ مۇھىم، ئەڭ بۈيۈك شەرىئەت مەقسەتلىرىنى يا ئومۇملاشتۇرۇپ، يا ئىنچىكىلەپ بايان قىلمىغان. شەرىئەت بىلەن ھاياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، قىسقىچە بولسىمۇ بايان قىلمىغان. ئىنسانىنىڭ چوڭ-كىچىك ئېھتىياجلىرى ھەققىدە كەڭ، چوڭقۇر بولمىسىمۇ، ئومۇمىي دائىرىدە بولسىمۇ توختالمىغان. ئۇشبۇ سەۋەپتىن، ئۇسۇلى فىقھىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن تار بوپقالغان، فىقھى ئىلىملىرىمىز مىڭ يىل بۇرۇن قانداق بولغان بولسا، ھېلىھەم شۇ پېتى قالغاندۇر.

ئەگەر فىقھى ئىلىملىرىمىزنى ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا مۇناسىپ ئەڭ كامىل، ئەڭ كەڭ شەكىلدە قەلەمگە ئېلىش زۆرۈرىيىتىگە قايىل بولغان بولساق ياكى شۇنىڭغا تەرەددۇت قىلماقچى بولساق، ئۇ چاغدا بىزگە ئەڭ باشتا مۇنداق ئىككى ئامىل زۆرۈر بولىدۇ:

بىرىنچىسى، زامانىۋىي ئىلىملەردىن خەۋەردار، ئىخلاسمەن، ھۆر فەقىھلەر

ئىككىنچىسى، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مەقسەتلىرىنى؛ ئىنسان ھاياتىنىڭ زۆرۈر ۋە تولۇقلىما ئېھتىياجلىرىنى؛ ھوقۇقلىرىنىڭ مەنبەلىرىنى؛ نەسلەرنىڭ

مەزھەپ-ئېقىملارغا باغلىنىپ قالمىغان دالالەتلىرىنى؛ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي، ئىمام ئەھمەد كەبى مۇجتەھىدلىرىمىزنىڭ ئىسلام شەرىئىتى ۋە ئىنسان ھاياتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى مۇكەممەل رەۋىشتە بايان قىلغان بىر ئۇسۇلى فىقھى ئىلمى.

شۈبھىسىزكى، ئۇستىدە قەيت قىلغاندەك مەلۇماتلىق، ھۆر فەقىھلىرىمىز بىلەن ھەقىقىي مەنىدىكى ئۇسۇلى فىقھى بىزدە بولسا، ئىسلامنىڭ مۆجىزىلىكىگە مۇناسىپ، مەدەنىيەت ئالىمىدە تەڭدىشى تېپىلماس مۇكەممەل بىر قانۇن ۋە مۆجىزىدار شەرىئەت بىزدە بولغان بولاتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكىنى مەدەنىيەت ئالىمىگە ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن بولاتتۇق. ئۇ چاغدا ئىسلامغا بولغان ئىمانىمىز، نوقۇل قورقۇشتىن ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر بىلىشتىن كەلگەن بولاتتى.

بەزى تەرەپبازلىق خاھىشى بار كىشىلەر ئىنكار قىلسىمۇ، ئەھلى ئىنساپ مۇنداق بىر پاكىتنى ھېچبىر زامان ئىنكار قىلالمايدۇ: شۇ ۋاقىتقا قەدەر ئىسلام دۇنياسىدا مەقبۇل ۋە نوپۇز ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن ئۇسۇلى فەزدەۋىي، فۇسۇلى بەدائىئ، ئەت-تەھرىر، جەمئۇلجۇامىئ، ئەل-مەھسۇل، مىنھاجۇل ۋۇسۇل، ئەلمۇنتەھە، تەنقىيە، مۇسەلەمۇس-سۇبۇت قاتارلىق كىتاپلار يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تەلەپلىرىمىزنىڭ مىڭنىڭ بىرىنى بولسىمۇ قاندۇرالىغىدەك دەرىجىدە ئەمەس. ئەلۋەتتە، كەلىمە تەتقىقاتلىرى ۋە كالامچىلارنىڭ تالاش-تارتىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاپلار ھەقىقىي مەنىدىكى ئۇسۇلى فىقھى بولالمايدۇ.

ھەقىقىي مەنىدىكى فىقھ ئۇسۇلى بولالايدىغان بىر كىتاپ ئىسلامىيەت ئىلىم ساھەسىدە بار دېيىلسە، ئۇ بولسىمۇ پەقەت مۇشۇ «ئەلمۇۋافىقات» تىن ئىبارەتتۇر.

«مۇۋافىقات» قۇرئان-ھەدىستىكى شەرىئەت مەقسەتلىرىنى ئەڭ كەڭ شەكىلدە بايان قىلىدۇ. ئىنساننىڭ زۆرۈر ۋە تولۇقلىما ئېھتىياجلىرىغا چوڭقۇر نەزەر ئاغدۇرىدۇ. شەرىئەت دەلىللىرى بىلەن ئىنسان ھاياتىنىڭ تۈتىدىغان ئورنىنى ئەڭ پۇختا ئاساسلار بىلەن تۇرغۇزىدۇ. ھەر بىر مەسىلىنى ناھايىتى ئەركىن تەرزدە مۇھاكىمە قىلىپ، مۇتالىئە قىلغۇچىلارغا ئەقىل دائىرىسى

بىلەن چەكلەنگەن ئەڭ ئەركىن بىر نەزەر بەخش ئېتىدۇ.

بىزنىڭ فىقھى، تەپسىر، ھەدىس ئىلىملىرىمىز ئەڭ يۈكسەك كامالەتكە ئېرىشمەكچى بولسا، دەل ئۇشبۇ يول، ئۇشبۇ ئۇسۇل بىلەن ئېرىشەلەيدۇ.

ئەنە شۇ بۈيۈك مەقسەت ئۈچۈن بىر قەدەم ئاتماق ياكى بىر ئىشىك ئاچماق ئۈمىدىدە، رۇسىيە ئۆلىمالىرىنىڭ تالىبلىرىغا ھەقىقىي مەنىدىكى ئۇسۇلى فىقھىدىن بىر نەمۇنە كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىپ، قازاندىكى «ساباھ» كىتاپخانىسى «مۇۋافىقات»نى نەشىر قىلىشقا بەل باغلىدى.

«مۇۋافىقات» ئەندەلۇس ئۆلىمالىرىدىن ئىمان ھاپىز ئىبراھىم ئىبنى مۇسا شاتىبىي ھەزرەتلىرىنىڭ تەڭدىشى يوق بىر كىتابىدۇر. بۇنىڭدىن25 يىللار مۇقەددەم، يەنى، 1352-يىلى تۇنىستا بىر قېتىم بېسىلغان ئىدى. گەرچە تولىمۇ يۈكسەك بىر ئېتىبار بىلەن باسقان بولسىمۇ، ئۇ نەشرىدە يەنىلا بەزى خاتالىقلار كۆرۈلۈپ قالغانىكەن.

مەن بۇ قېتىم خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن كىتاپنىڭ شۇ چاغدا قالغان خاتالىقلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تۈزىتىپ چىقتىم. خۇدادىن شۇنى ئۈمىت قىلىمەنكى، بۇ قېتىم كىتاپنىڭ بىر يېرىدىمۇ خاتالىق قالمىغاي.

كىتاپنىڭ مۇتالىئەسىنىڭ قولاي بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، جۈمللەرنى چېكىت بىلەن ئايرىدىم. مۇناسىپ ئورۇنلاردا جۈمللەرنى قۇر بېشىدىن باشلىدىم. مەسىلىگە چېتىشلىق ئىلمىي مەسىلىلەرنى ئاستىغا ھاشىيە شەكلىدە قىستۇردۇم.

دىنىي مەدرىسلىرىمىزدە دىنىي ئىلىملەرنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىسلاھ قىلماق لازىم دەپ قارالسا، تالىبلىرىمىزغا ئىدراك كۈچى، پىكىر قۇۋۋىتى، شۇنداقلا مۇستەقىللىك ۋە ئىجتىھاد روھى بېرەلمەيدىغان «مەنار» ۋە «تەۋزىھ»قا ئوخشاش كىتاپلارنىڭ ئورنىغا «مۇۋافىقات» تەك ھەقىقىي مەنىدە فىقھ ئۇسۇلىنى بايان قىلغان، ھەمدە تالىبلارغا ئىجتىھاد قۇۋۋىتى، مۇستەقىللىق روھى بەخش ئېتىدىغان كىتاپلارنى ئۆگىتىش لازىمدۇر. بولمىسا، دىنىي مەدرىسلىرىمىزدىكى ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى قانائەتلىنەرلىك مېۋە بېرەلمەيدۇ.

قازان- 1326-يىل رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 23-كۈنى.

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

# قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيەسى

ھەر قانداق مەدەنىيەتنىڭ تەپەككۇر مېتودى شەكىللەندۈرىدىغان ئالەم نەزەرىيەسى بولىدۇ، شۇنداقلا ھەر قانداق مېتودنىڭ تۈتۈپ ماڭىدىغان پرىنسىپلىرى بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئىدىيە قارىشى، ئەمەلىي ھاياتى ۋە ئەخلاق ئىستىلى كائىنات، ھايات ۋە ئىنسان نەزەرىيەسىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

ئىسلامنىڭ تەپەككۇر مېتودى مۇسۇلمانلار ھەزارىتى (مەدەنىيىتى)نىڭ ئالەم نەزەرىيەسىنى جانلاندۇرۇشتىكى قورالى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ ئالەم نەزەرىيەسى يىلتىزنىڭ ئورنىدا بولۇپ پرىنسىپ، قىممەت-قاراش ۋە چۈشەنچىلەر شۇنىڭدىن تارماقلىنىپ چىقىدۇ. ئالەم نەزەرىيەسى ئەقىدە كۈچ-قۇۋۋىتىنى تەمسىل قىلىپ بېرىدىغان يىلتىز ۋە مەنبەدۇر. ئەقىدە كۈچ-قۇۋۋىتى ئىنسان ۋە جەمئىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ۋىجدان كۈچىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ھايات سەپىرىدىكى يۆلىنىشلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالەم نەزەرىيەسى قانچە روشەن ۋە ئاسان بولسا شەخس ۋە جەمئىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان جانلىق ئەقىدە، ۋىجدان ۋە تەربىيە كۈچىنى تەمسىل قىلىپ بېرىدۇ. ئالەم نەزەرىيەسى ئىنساننى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان ئەقىدە ئاساسىي، ئىدىيە ۋە ۋىجدان كۈچىنى تەمسىل قىلىپ بېرىدىغان ھالقىلىق نۇقتىدۇر.

ئىسلامنىڭ ئالەم نەزەرىيەسى ئىنساننىڭ تەبىئىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان غايىلىك، ئەخلاقلىق، تەرەققىيپەرۋەر ۋە مەدەنىيەتلىك تەۋھىد كۆز قارىشىغا ئىگە. ئۇ ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ يۆلىنىشىنى يېتەكلەش ئۈچۈن ئىنساننىڭ تەبىئىي خاراكتېر ئاملىنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان قانۇنىيەت خاراكتېرلىك ئىلمىي كۆز قاراشتۇر: «ئەر-ئايال مۆئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز. ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز» (نەھل سۈرىسى، 97- ئايەت).

قۇرئاننىڭ كۆز قارىشى گۈللەندۈرۈش قانۇنىيىتىگە ئىگە ئالەم نەزەرىيەسى

بولغانلىقى ئۈچۈن تەبىئىي روھى خاراكتېرنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ. دېمەك، بۇ كۆز قاراش ئىنساننى گۈزەل ھايات بەرپا قىلىش، مەدەنىيەت تىكلەش ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كېتەرلىك ئىنتىرگۈچى كۈچ ۋە ۋىجدان ئېنېرگىيەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. زېمىندا ئىزباسار بولۇش ۋە مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتى دېگەنلىك زامان-ماكاندىكى ئاڭ ۋە گۈللەندۈرۈش تەييارلىقىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئىسلامنىڭ مەدەنىيەتلىك ئالەم كۆز قارىشى ئىنسان ئۆزى ۋە ھاياتىنى قۇربان قىلالايدىغان مەجبۇرىيەت ۋە قۇربان بېرىش ئۇستىگە قۇرۇلغان.

قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيەسى ئىجابىي گۈللەندۈرۈش خاراكتېرىگە ئىگە تەۋھىد قارىشى بولۇپ، ئىنسان بۇ قارىشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىيالايدۇ، ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش ۋە رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشتا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ.

قۇرئان كۆز قارىشىدا ئاللاھ ياراتقۇچى، ھەق، ئادىل، ئامانلىق ئاتا قىلغۇچى، بارلىق كامالەت سۈپەتلىرىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئۇ زات ھېچقانداق بىرسىگە مۇھتاج ئەمەستۇر، بارلىق ئەيىب-نۇقساندىن پاك زاتتۇر. ئۇ ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىگە قادىر، ھەممە نەرسىنى ئىرادە قىلغۇچى ۋە ھەممە نەرسىنى تەقدىر قىلغۇچى زاتتۇر.

قۇرئان كۆز قارىشىدا يامانلىق ۋە شەيتان زىيانلىقتۇر، زۇلۇمدۇر، باغرى تاشلىقتۇر ۋە تاجاۋۇز قىلغانلىقتۇر. مۇسۇلماننىڭ كۆز قارىشى ساغلام بولسا ياخشىلىقنى سۆيىدىغان ۋە يامانلىقنى ئۆچ كۆرىدىغان ئىنسان بولىدۇ.

قۇرئان كۆز قارىشى باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش، ھۆرمىتىنى قوغداش ۋە تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. بۇ كۆز قاراشنىڭ جەۋھىرى تەۋھىدتۇر، ئاساسىي توغرا مەرىپەت ۋە ۋىجداننى پاك تۇتۇشتۇر.

مۇشۇ نۇقتىدىن زىكرى ئېيتىش ۋە ناماز ئوقۇش ئاللاھ بىلەن ئالاقە ئورناتقانلىقتۇر:«ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن(يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ قىلىۋاتقان ھەممە ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 45-ئايەت).

زىكىر ئېيتىش ۋە ئاللاھ بىلەن ئالاقە ئورنىتىش بولسا، ئىنسان ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋۇجۇتتا چىقىرالايدىغان تەبىئىي ۋە ۋىجدانىي مەسىلە. ئىنسان بىلىم-مەرىپەت، ياخشى ئىش، پۇختىلىق ۋە ئىجادىيەت ئارقىلىق زېمىننى گۈللەندۇرمىسە، ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئالاقىسى ھەقىقىي ھېسابلانمايدۇ ۋە ئۇنۇم بەرمەيدۇ.

قۇرئاندىكى ئالەم نەزەرىيەسىنىڭ تەسىرى قانائەتلىنىش كۈچى، ئىمان كۈچى، مەقسەت، غايە ۋە ساغلام ئەخلاقنىڭ تولۇق تېپىلىشى ئاساسىدا ھاسىل بولىدۇ. شۇنداقلا ئىدىيە مېتودىنىڭ ساغلام بولۇشى، ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي بولۇشى ۋە ساغلام خاراكتېرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ جىددىي بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھەرىكەتچانلىققا باغلىق: «(ئۇلارغا)ئېيتقىنكى، (خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا نەرسىلەرنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ» (تەۋبە سۈرىسى، 105- ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ روھىغا قارىساق قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيەسىدە ئۈنۈم يارىتىش ئۈچۈن ئۈچ تۈرلۈك ئامىلنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ: بىرىنچىسى: ھەقىقىي ئىشەنچ ۋە ئىمان كۈچى. ئىككىنچىسى: ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىش-ھەرىكەت. ئۈچىنچىسى: ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىلمىي قانۇنىيەت بويىچە ئۈنۈملۈك ۋە پائالىيەتچان بولۇشى.

(1)

## قۇرئاننىڭ كائىنات كۆز قارىشىدا مۇسۇلمانلار ۋە باشقىلار

ئىنساننىڭ قېرىندىشى ئىنسان بىلەن بولغان ئالاقىسى مىللىتى، ئىرقى، تەۋەلىكى، مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمان بولۇشقا كۆز يۇمۇش ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بۈيۈك ئىنسانىيەت ئائىلىسىدە باراۋەر قېرىنداش يارىتىلغان: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار» (نىسا،1-ئايەت).

مۇسۇلمانلار بىلەن باشقىلارنىڭ ئالاقىسى ھەمكارلىق ئالاقىسى بولۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىكتە دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىق رىشتىسى باغلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

ئىنسانلار ھەمكارلىشىش، تونۇشۇش ۋە چىقىشىپ ياشاش ئۈچۈن ئوخشىمايدىغان يارىتىلغان. ئىنسانىي بىرلىك ۋە ئىنسانىي ئورتاقلىق زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈردۇر ۋە نېمەتتۇر.

مۇسۇلمانلار ۋە باشقىلار ھەر قانچە پەرق ئەتسىمۇ ئىنسانىيەت ماھىيىتىدە باراۋەردۇر. ئارتۇقچىلىق پەقەت تەقۋالىققا باغلانغان. ئىقتىدار ۋە ئىمكانىيەتنىڭ ئوخشىمىغانلىقى ئۈستۈنلۈك قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي بىرلىك ئىچىدە ھەمكارلىشىپ مەدەنىيەت يارىتىش ۋە ئىنسانىي ئېھتىياجلارنى تولۇقلاش ئۈچۈندۇر: «ياخشى ئىش ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار» (مائىدە سۈرىسى، 2-ئايەت).

مۇسۇلمان بىلەن باشقىلارنىڭ ئالاقىسى ياخشىلىققا چىرايلىقچە چاقىرىش، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق بولىدىغان ئىشلاردا ياردەملىشىش، ياخشى ئىشلارغا ھېكمەت بىلەن يېتەكلەش ۋە يامان ئىشلاردىن سىلىق توسۇش ئالاقىسىدۇر: «ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟» (يۇنۇس سۈرىسى، 99-ئايەت).

مۇسۇلمان بىلەن باشقىلار كۆز قاراشتا پەرقلىق بولسا بۇ يارىتىلىشنىڭ ئاساسىي، بىرلىك ئىچىدىكى رەڭدارلىق ۋە رەڭدارلىق ئىچىدىكى بىرلىكتۇر. باشقىلارنىڭ قېنى، مال-مۈلۈكى ۋە ئابرۇيىنىڭ ھۆرمىتى بار. ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقە كەڭ قورساق بولۇش، ياخشىلىق قىلىش ۋە ئادىل بولۇش ئالاقىسىدۇر :«(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ» (مۇمتەھىنە سۈرىسى، 8-ئايەت).

مۇسۇلمانلار ۋە باشقىلار توقۇنۇشۇپ قالغاندا پەقەتلا ئادالەت ئىنسانىي بىرلىك ۋە ئىنسانىي قېرىنداشلىق ئېتىبارى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئادالەت بولمىسا ئىنسانىي ھەمكارلىق ۋە ئورتاقلىق مەۋجۇد بولمايدۇ. ئادىللىق ھەر قانداق بىر ئىشتا ئوتتۇراھال بولۇشنىڭ نەتىجىسى. مەمنۇنلۇق بىلەن نارازىلىقتىمۇ، بېرىش بىلەن ئېلىشتىمۇ ئادىل ۋە ئوتتۇراھال بولۇش لازىم. تىنىچلىقتىكى ئىنسانىي

قېرىنداشلىق بىلەن مەسئۇلىيەتچان بولۇش، ئىززىتىنى ساقلاش ۋە تاجاۋۇزچىلىققا رەددىيە بېرىشتىمۇ ئادىل ۋە ئوتتۇراھال بولۇش لازىم: «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»( مائىدە سۈرىسى، 8-ئايەت).

مۇسۇلمانلار بىلەن باشقىلار ئارىسىدىكى ئالاقىدە ئىنسانىي بىرلىك ۋە ئىنسانىي قېرىنداشلىق ئېتىبارى بىلەن زۇلۇم قىلىشقا، تاجاۋۇز قىلىشقا ئورۇن يوق. تاجاۋۇزچىلىق ۋە زۇلۇمغا رەددىيە بەرگەندە ئاشۇرۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ: «(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتىشىڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر»(مۇمتەھىنە سۈرىسى، 8،9- ئايەتلەر).

يەنە: «سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللا يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» دەيدۇ. (بەقەرە سۈرىسى، 190- ئايەت).

مۇسۇلمان ھاياتى ۋە تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىدە ئادالەت ۋە ئوتتۇراھاللىقنى كۆزلىمىسە، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىق دەۋاسى جىددى تەكشۈرۈشكە ۋە ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك ئاجىز دەۋا بولۇپ قالىدۇ. ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە ئاللاھتائالا: «ئى ئىنسانلار، مەن سىلەرگە زۇلۇم قىلىشنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ زۇلۇم قىلىشنى ھارام قىلدىم، شۇڭا ئۆز-ئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار» دېگەن. (تىرمىزىي ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان بىلەن بولغان ئالاقىسى ئەقىدە، سالاھىيەت ۋە كۆز قاراش قېرىنداشلىقى بولۇپ، ئىنسان ھاياتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ

ئۇچۇن مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان بىلەن بولغان ئالاقىسى ئەڭ ئىلغار ئالاقە ۋە ئىنسانىي قېرىنداشلىق بولىدۇ، چۈنكى ئەقىدە ئالاقىسى ئىنساننىڭ روھى ئالاقىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇرى سانىلىدۇ: «مۇئمىنلەر ئۆز-ئارا قېرىنداشتۇر» (ھوجۇرات سۈرىسى، 10-ئايەت). «مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر- بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (تەۋبە سۈرىسى، 71- ئايەت).

بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، ئابرويى ۋە مال-مۈلكى يەنە بىر مۇسۇلمانغا ھارامدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمان دېگەن باشقا مۇسۇلمانلارغا ھېچقايسى جەھەتتىن زىيان يەتكۈزمەيدىغان كىشىدۇر، مۇھاجىر دېگەن ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلمىغان كىشىدۇر» دېگەنىدى. (بۇخارىي رىۋايىتى).

دېمەك، ئىسلام قېرىنداشلىقى ياخشىلىق، ھەقىقەت، ئادالەت ۋە مېھرىبانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان قېرىنداشلىقتۇر. بىر-بىرىگە ئىگە بولۇش، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق بولىدىغان ئىشلاردا ھەمكارلىشىدىغان قېرىنداشلىق ئالاقىسىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام قېرىنداشچىلىقى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئۈستۈن قېرىنداشلىقتۇر. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار بۇ قېرىنداشلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە كۆلىمىنى ھېس قىلىپ، قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيەسىنى ئۆزلەشتۈرەلىگەن بولسا ھەقىقى بىر ئۈممەت، بىر كۈچ ۋە بىر گەۋدە بولغان بولاتتى. شۇنداقلا باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان، ئىجادىيەت يارىتىدىغان ۋە گۈللەندۈرىدىغان كۈچلۈك ئېقىمغا ئايلانغان بولاتتى.

مۇسۇلماننىڭ غەيرى مۇسۇلمان بىلەن بولغان ئالاقىسى رەھىمدارلىق ئىچىدىكى بىرلىكتۇر، بىرلىك ئىچىدىكى رەھىمدارلىقتۇر ئالاقىسىدۇر. ئارتۇقچىلىق پەقەت يارىتىلىشنىڭ ئاساسىي بولغان تەبىئىي خاراكتېر، مەۋجۇتلۇق غايىسى ۋە بۇ ھاياتتىكى مەسئۇلىيەت نۇقتىسى بولغان ساغلام ئىنسانىي كىملىكنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئاساسىدا بولىدۇ.

قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيەسى ھەر قايسى تەرەپلىرىدە تەكشۈرۈلۈق، ئوتتۇراھاللىق، تىنچلىق ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان خاراكتېرىگە ئىگە تەۋھىد نەزىرىيەسىدۇر. تەۋھىد نەزەرىيەسى ساغلام ئىنساننىڭ خاراكتېرىنىڭ جەۋھىرى، ئىنساننىڭ زېمىندا

مەۋجۇد بولۇش ۋە ئىزباسار بولۇش مەركىزىدۇر.

(2)

**قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيەسى دۇنياۋى تىنچلىق كۆز قارىشىدۇر**

ئىسلام دىنى ھىدايەت، يېتەكچى، ياخشىلىق بىلەن بىشارەت بەرگۈچى ۋە ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلىغۇچى سۈپىتىدە كەلگەن دىندۇر: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» (ئەنبىيا سۈرىسى، 107-ئايەت).

ئىسلام دىنى ئادالەت، قېرىنداشلىق، رەھىمدىللىك، تىنچلىق ۋە گۈللەندۈرۈش كۆز قارىشىغا ئىگە دىن: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت )بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)». ( ھوجۇرات سۈرىسى، 13-ئايەت).

شۇڭا قۇرئان كەرىم 240 قېتىمدىن كۆپرەك بارلىق ئىنسانلارغا ۋە ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلماقتا. قۇرئاننىڭ خىتابى ئوقۇش، يېزىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە توغرا يولغا يېتەكلەش خىتابىدۇر. ئەقىل، پاكىت ۋە قانائەتلەندۈرۈش خىتابىدۇر. ھىدايەت، قېرىنداشلىق، ئادالەت، تىنچلىق ۋە گۈللەندۈرۈش خىتابىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيەسى ئىنساننى توغرا يولغا باشلاش، زېمىننى گۈللەندۈرۈش غايىسىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ۋە تىنچلىق قۇرۇلمىسىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن توغرا ساغلام ئىنساننىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان كائىنات خاراكتېرلىك كۆز قاراشتۇر.

ئىسلامنىڭ مەنىسى تىنچلىق ۋە ئامانلىق دېگەن مەنىدە. ئىسلام دۇنياۋى ئىلمىي باسقۇچنى ۋە ئىنسانىي بىرلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئارا ئىرقى كەمسىتىش ۋە تاجاۋۇزچىلىق تۇيغۇلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيەسى ئىنساننىڭ بىرلىكنى، ئىنساننىڭ تۈرلۈك بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئىنسانىي بىرلىك ئىچىدە دوستلۇق، قېرىنداشلىق،

ئادىللىق روھىنى ئوبرازلاشتۇرغان. ھەرقانداق ئەھۋالدا، ھەر قايسى تەرەپتىن زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنى تەكىتلىگەن بىردىن-بىر پەلسەپىدۇر.

جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە باشقا خەلقلەر بىلەن بولغان ئالاقىدا قۇرئان كەرىمنىڭ ئالەم نەزەرىيەسىنى مۇسۇلمانلار ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن روشەنلەشتۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى بۇ قاراش دۇنياۋى ئىلمىي قانۇنىيەت باسقۇچلىرىنى يېتەكلەش، ئادالەت ۋە تىنچلىق مەدەنىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن نىجاتلىق كېمىسىدۇر.

ئەگەر مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيەسىنى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى تۇتۇپ ماڭغان بولسا، ئىسلامنىڭ باشقا مىللەتلەرگە بولغان تەسىرى ھەسسىلەپ كۆپەيگەن بولاتتى. ئىسلام دىنى بۈگۈنكىدىنمۇ كۆپ تارقالغان بولاتتى. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز-قارىشىدا ئېنىقسىزلىق پەيدا بولمايتتى ۋە مۇستەبىت زالىم قۇرۇلمىلاردىن قۇتۇلالىغان بولاتتى.

ئىسلامنىڭ ئالەم نەزىرىيەسى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئالاقىنى ئادالەت ۋە تىنچلىق ئاساسىدا تۇرغۇزىدۇ، چۈنكى تىنچلىق ئىسلامدا ئەسلى قائىدە. ئادالەت، ئەركىنلىك، ئىنسانىي قېرىنداشلىق، كېڭەش ئاساسىدا ئىش قىلىش، گۈللەندۈرۈش ۋە تىنچلىق ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس قىممەت-قاراشلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىچكى ساھەدە ئادالەت ۋە بىر-بىرىگە ئىگە بولۇش ئاساستۇر. مەسلىھەت ئاساسىدا ئىش قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىش مۇقىملىق ۋە ئىسلاھاتنىڭ ۋاستىسىدۇر. بۇرۇلۇش يۈز بەرسە ياكى زۇلۇم يۈز بەرسە شەرىئەت ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ.

باشقىلار بىلەن بولغان سىياسى ئالاقە مەسئۇللار ئارىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بىر نۇقتىغا كېلەلمىگەن ۋە ھەق-ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەن ۋاقىتدىلا ئاندىن ئۇرۇش قىلىش ھالىتى يۈز بېرىدۇ.

(3)

## قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيە پرىنسىپلىرى

قۇرئان كەرىمنىڭ ئالەم نەزەرىيەسىدىكى پرىنسىپلار، قىممەت-قاراشلار ۋە چۈشەنچىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيە مېتودىنى قائىدىگە سېلىپ ئەمەلىي رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنى توغرا يولغا يۈزلەندۈرىدىغان، ئۆزگىرىۋاتقان شارائىت بىلەن ماسلاشقان ھالدا تەرەققى قىلىپ مەقسەتلىرىنى ئىشقا

ئاشۇرۇپ ۋە ۋاستىلىرىنى ئىجات قىلالايدىغان كۈچ-قۇۋۋەت، ئىرادە ۋە ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### 1.تەۋھىد:

تەۋھىد ئىسلامنىڭ ئالەم نەزەرىيەسىدىكى ئاساسلىق بىرىنچى پرىنسىپ. ئىسلامنىڭ ئالەم نەزىرىيەسى تەۋھىد ئېتىقادىدىن شەكىللىنىدۇ. تەۋھىد دېگەن ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە بارلىق كامالەت سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگۈچى زات ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر.

تەۋھىد ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىش غايىسى ۋە ئاقىۋىتىنى چۈشىنىشكە توغرا ئاۋاز قوشقانلىقىدۇر. ھاياتلىق، مەۋجۇدىيەت ۋە بۇ ھاياتتىن كېيىنكى باسقۇچنى چۈشىنىشتە ئىنسانىي مەنتىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر: «ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھدىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ (بەرھەق) يوقتۇر، (ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟» (فاتىر سۈرىسى، 3-ئايەت).

قۇرئان كەرىم تەۋھىدنى ئىنسان ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك نەزەرىيە قىلىپ بەلگىلىدى. تەۋھىد ئارقىلىق ئىنسان ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى چۈشىنىش، خۇسۇسىيەتلىرىنى كەشىپ قىلىش ۋە ۋاستىلىرىنى بەلگىلەشتە توغرا ئىلمىي ئۆلچەمگە يېتەلىدى. چۈنكى تەۋھىد ئىنساننىڭ ئەقلى، كۆڭلى، قەلبى ۋە ۋىجدانىنى خۇراپات، خىيال، پاسسىپ تۇيغۇ ۋە باشقا بېسىملاردىن ئازات قىلىدۇ.

گۈزەل كەڭرى كائىنات ئاللاھنىڭ مەخلۇقى. ئۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا مۇسۇلمان ئىنسان بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدىغان بۇ كائىنات مۇسۇلمان ئىنساننىڭ ئۈلپەتداش دوستى ھېسابلىنىدۇ. كەڭرى كەتكەن بۇ كائىنات ھۆرمەتكە ئىگە ئىنساننىڭ خىزمىتى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىلغان. ئىنساننىڭ كائىنات بىلەن بولغان ئالاقىسى گۈللەندۈرۈش ئالاقىسىدۇر.

كائىناتنى ئىنسان ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئاللاھ ئىنسانغا ھايات مېتودىنى سىزىپ بەرگەن ۋە ئىسلاھات يوللىرىنى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. كائىنات خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ ئىنسان بىكاردىن بىكار يارىتىلمىدى، بەلكى ھېكمەت ئۈچۈن يارىتىلغان. زېمىنغا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى ئارقىلىق

ئىزباسارلىق قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان بۇ ئىنسان باشقا مەخلۇقلارغا نىسبەتەن ئاساسلىق مەركىزى نۇقتىنى تەمسىل قىلىدۇ.

دېمەك، كائىنات ئىنسان ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغان. ئىنسان كائىناتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن زېھنى، ئەقلى ۋە ئىلمي ئىقتىدارلار بىلەن تەمىنلەنگەن. ئىنسان ئاللاھنى ئەسلىمىگەن ۋە ۋەھىي كۆرسەتمىسى ئارقىلىق ئىلاھىي قۇدرەتنى كۆرۈشتىن غاپىل قالغاندا، ئۆزىدە ئالاھىدە ئىقتىدار ۋە بىھاجەتلىكنى ھېس قىلىپ، كائىنات بىلەن بولغان ئالاقىسىنى توقۇنۇش ئالاقىسى قىلىۋالىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىنسان ئەقلىنى تەپەككۇر ۋە نەزەر يۈرگۈزۈش مېتودى ئارقىلىق ئەركىن قويۇۋەتكەن. داخان، باخشى، سېھرىگەرلىك ۋە جىنكەشلىكتىن تولۇق ئازات قىلغان. ئىنسان بىلىشكە مۇھتاج بولغان تەبىئەت ۋە باشقا مەۋجۇدىيەتنى تونۇشقا يېتەكلەپ ماڭغان.

ئەقلنى تەپەككۇر قىلىش، ئويلىنىش، ئەسلەش، چۈشىنىش، ئىبرەت ئېلىش، ئەقلنى ئىشلىتىش، ئۆگىنىش، بىلىش ۋە ھېس قىلىشقا چاقىرىش ئارقىلىق ئىنسانغا ھاياتتا ھالقىلىق ئورۇن، تولۇق جۈرئەت ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشنى ئاتا قىلغان. ئەقلنى ئاسمان-زېمىن، دېڭىز-ئوكياننىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا قەدەر ئىچكىرلەپ كىرىشتە قورقماسلىققا؛ پاكىت ئۈستىدە ئىشىنىش ئۈچۈن-ۋەھىي نۇرلىرى ۋە ھىدايىتى يول كۆرسىتىپ تۇرىدىغان-ئەقلى ئاڭ ۋە لوگىكىلىق ئىدراكنى قۇرۇپ چىقىشتا ئارىسالدى بولماسلىققا چېنىقتۇرغان. دېمەك، قۇرئان كەرىم تەۋھىد ئاقلانىيلىقنى تەسىس قىلىپ چىققان.

تەۋھىد مىللەت ۋە ئۈممەتنىڭ كىملىك يولى، ئويغىنىشى ۋە گۈللىنىشىنىڭ ھەقىقى ئامىلىدۇر. تەۋھىد ھەقىقى ئەركىنلىكتۇر.

## 2. زېمىنغا ئىزباسار بولۇش:

ئاللاھ ئىنساننى يارىتىپ، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىزباسار بولۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك غايە ئۈچۈن زېمىنغا چۈشۈرگەن. زېمىنغا ئىزباسارلىق قىلىش ھاياتتىكى ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى، ئىنساننىڭ بۇ ۋەزىپىسگە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىجرا قىلىش مىقدارىغا قاراپ باھا بېرىلىدۇ. ئىنسان مەۋجۇتلۇقتىكى غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرالىسا ئۇنۇم قازانغان ياخشى ئىنساندۇر، ئەگەر غايىسىدىن يىراقلىشىپ كەتسە مەغلۇب بولغان ئىنساندۇر: «ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر

ئۆزۈكلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەرنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك ھېچقانداق ساۋابىمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزۈكلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» (مۇئمىنۇن سۈرىسى، 116-115-ئايەتلەر).

زېمىنغا ئىزباسار بولۇش پرىنسىپى دېگەن ئاللاھ ئىنسانغا باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلەندۈرۈپ بەرگەن سۈپەتلەر ئارقىلىق ئىنسانىيەت دۇنياسىدا پائالىيەت قىلىشقا، ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئاللاھ بويسۇندۇرۇپ بەرگەن كائىناتتىن پايدىلىنىشقا؛ كۆز-قاراشلىرى، تاللاشلىرى، پرىنسىپلىرى، قىممەت-قاراشلىرى ۋە چۈشەنچىلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈشكە ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ماددا قىممەت-قاراش ۋە توغرا پرىنسىپنى مۇجەسسەملەشتۈرمىسە قىممىتى بولمايدۇ. پرىنسىپ، قىممەت-قاراش ۋە چۈشەنچە ماددىدا مۇجەسسەملەشمىسە ئۇنىڭمۇ قىممىتى بولمايدۇ.

ئىزباسارلىق پەقەت ئاللاھقا يالغۇز ئىبادەت قىلىش ئاساسىدا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ: «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» (زارىيات سۈرىسى، 56-ئايەت). ئىبادەت قىلىش ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا يارىتىلىشىدىكى ئاساسلىق بىرىنچى غايىدۇر.

ئىسلامنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسى ئىنساننى ياراتقۇچى ۋە مەۋجۇدىيەت بىلەن باغلايدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاللاھنىڭ مەخلۇقى بولۇپ، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە كۆرسەتمىسگە قارىتا دۇنيانى گۈللەندۈرۈشكە تەكلىپ قىلىنغان ئىزباسارى (ۋەكىلى). ئىنسان، كائىنات ۋە تەبىئەت كۈچلىرى ئارىسىدا بىر بىرىنى يۆلەش ۋە دوستلۇق ئالاقىسى تېپىلىدۇ. ئىنسان بىلەن كائىنات ياكى تەبىئەت بىر بىرىگە دۈشمەن ئەمەس. كائىنات ياكى تەبىئەتتىكى ھەر قانداق نەرسە ئاللاھقا بويسۇنۇش ۋە ئۇلۇغلاش ئالاقىسى بىلەن باغلانغان. شۇنداقلا جىسىم بىلەن روھ، دىن بىلەن دۇنيا، دىن بىلەن بىلىم-مەرىپەت، بىلىم-مەرىپەت بىلەن ئەخلاق، دۇنيا بىلەن ئاخىرەت، ماددى دۇنيا بىلەن مېتافىزىكا دۇنياسى، سەۋەب بىلەن غايىلەرنىڭ ھەممىسى تەۋھىد ئالاقىسى بىلەن تەكپۇك باغلانغان.

دېمەك، زېمىنغا ئىزباسار بولۇش ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ جەۋھىرى؛ ياخشى

ئىش قىلىش، ئىجادىيەت يارىتىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى غايىسىدۇر.

### 3. ئادالەت ۋە ئوتتۇراھاللىق:

ئادالەت ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق قىلمىشىدىكى زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ قارمۇ-قارشىسى. ئۇ مەنىۋى، ماددى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئادىل توغرا ئىنسانىي ھەرىكەتنىڭ يۆلىكى. ئادالەت ئىنساننىڭ قىلمىشلىرىغا توغرا ئادىللىق مەنىسىنى بېرىدۇ، ئەخلاقنى ۋە توغرا خاراكتېرنى مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئىنسانلارنى بىرىنچى قىلىپ ئادىل ئىش قىلىشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ ئادىللىق سۈپىتى بىلەن ئۆزىنى زۇلۇمدىن پاك تۇتقان. ئىنسانمۇ توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ ئادالەتتىن چەتنىگەندە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر)دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدۇ» (نەھل سۈرىسى، 90-ئايەت).

ھاياتنىڭ مېغىزى ۋە ياخشىلىقى ئادالەتكە باغلىق، شۇڭا ئاللاھ ئىنساننى ھەر قانداق ئىشلاردا كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئادالەت ۋە ئوتتۇراھاللىقنى تۇتۇپ مېڭىشقا يولىيۇرۇق بەرمەكتە. ئادالەت ھاياتنىڭ مېغىزى ۋە جەۋھىرى بولسا، ئوتتۇراھاللىق يول باشچىدۇر. چۈنكى، ھاياتتا ئوتتۇراھاللىق بولمىسا دىلنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇزۇلۇش زۇلۇمدۇر ۋە ئادالەتكە قارىشى تۇرغانلىقتۇر. شۇڭا ئوتتۇراھاللىق بولماي تۇرۇپ ئادالەت مەۋجۇد بولمايدۇ. ئوتتۇراھاللىق ئەۋج ئالغان يەردە ئادالەت يۇقىرى ئورۇن ئالغان بولىدۇ، رەھىمدىللىك كېڭەيگەن ۋە بىر-بىرىگە ئىگە بولۇش قانات يايغان بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ: «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، بولمىسا قىيامەت كۈنى ئېغىر زۇلۇمغا قالىسىلەر. تەمەخور بېخىلىلىقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى تەمەخور بېخىللىق سىلەردىن ئىلگىرىكى مىللەتلەرنى ھالاك قىلىشقا سەۋەب بولغان»دېگەنىدى. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئادىل ئىش قىلىش ۋە ئادالەتنى تەتبىقلاش ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئەڭ بۈيۈك پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم چوڭ-كىچىك ئادالەتكە بۇيرۇغان: «ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا،

خش-ئەقربالارغا سلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر)دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدۇ» (نەھل سۈرىسى، 90-ئايەت).

ئادىل ئىش قىلماسلىق ھارامدۇر: «بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا)ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھدىن قورقۇڭلار...» (مائىدە سۈرىسى، 8 -ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئادالەتنى سىياسەتنىڭ ئاساسىي قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە بارلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇغان: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ». (نىسا سۈرىسى، 58- ئايەت).

قانۇندىن چىقىپ كەتكەنلەر بىلەن بولغان تالاش-تارتىشتىمۇ ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇغان: «ئۇلار(ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ». (ھوجۇرات سۈرىسى، 9-ئايەت).

ئىسلام دىنى ئۈممەت ئارىسىدا بىرلىككە چاقىرىسىمۇ ئەقىدە، ئىدىيە، ئېقىم جەھەتتە تۈرلۈك بولۇشنى ئېتىراپ قىلغان. ئىسلامنىڭ بۇ پرىنسىپى غەيرى مۇسۇلمانلارنى ئەقىدە ۋە ئىدىيە جەھەتتىن قوبۇل قىلىشقا، ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا ۋە ئۇلار بىلەن تىنىچ  چىقىشىپ ياشاشقا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئىسلام تارىخى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى. ئىسلام دۆلىتىدە غەيرى مۇسۇلمانلار چوڭ ھوقۇقلار بىلەن بەھرىمەن بولغان.

ئوتتۇراھاللىق ئىككى ناھەقچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقەتتۇر، ئىككى زۇلۇم ئارىسىدىكى ئادالەتتۇر، ئىككى تەرەپلىمە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىكى ئوتتۇراھاللىقتۇر. چېكىدىن ئېشىشنى رەت قىلىپ ھەقىقەت، ئادالەت ۋە ئوتتۇراھاللىق تەرەپلىرىنى بىرلەشتۈرگەن تەڭپۇڭ ئادىل پوزىتسىيەدۇر.

ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق ئىسلام تەسەۋۋۇرىدا: روھ بىلەن ماددا، دۇنيا بىلەن ئاخىرەت، دىن بىلەن دۆلەت، شەخس بىلەن ئۈممەت، ئىدىيە بىلەن رېئاللىق،

ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزم، مەقسەت بىلەن ۋاستە، تۇرغۇن مەسىلىلەر بىلەن ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەر ئارىسىنى، كونا بىلەن يېڭى ئارىسىنى، ئاساسىي مەسىلە بىلەن تارماق مەسىلە ئارىسىنى، ئەقىل بىلەن نەقىل ئارىسىنى، خالىق بىلەن خەلقئارالىق ئارىسىنى، ھەق بىلەن كۈچ- قۇۋۋەت ئارىسىنى، ئىزدىنىش بىلەن تەقلىدچىلىك ئارىسىنى، دىن بىلەن پەن ئارىسىنى ۋە ئومۇملۇق بىلەن خاسلىق ئارىسىنى... بىرلەشتۈرىدىغان مېتودتۇر.

### 4. ئەركىنلىك:

ئىسلامدا ئىنسان ئەركىنلىكى ئىنساننىڭ ئىنسانلىقىنى رېئاللىقتا ئىپادىلەشتىكى ئەڭ مۇھىم زۆرۈرىيەتلەرنىڭ قاتارىدىن. ئەركىنلىك ئىنسانىي زۆرۈرىيەتنىڭ قاتارىدىكى بىر زۆرۈرىيەت، ئىلاھى پەرز ۋە شەرئى ۋاجىبتۇر. ئەركىنلىك بولمىسا ئىنسان ئىنساندەك ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ.

ئىنساننىڭ باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ئورنى ۋە زېمىنغا ئىزباسار بولۇش ئىقتىدارى ئاللاھنىڭ ئىنساننى ھۆرمەتلەش ئىپادىسىدۇر. ئىنساننىڭ ئىقتىدار ۋە ئىمكانىيەت دائىرىسىدە ئىش قىلىش ئەركىنلىكى ئىنساننىڭ ئىرادىسى ۋە قانائەتلىنىشىدىكى ئەركىن ئىپادىلەش ھەققىدۇر: «شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسانلارنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغ ۋە قاتناش ۋاستىلىرىغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق» (بەنى ئىسرائىل سۈرىسى، 70-ئايەت).

ئىسلامدىكى ئەركىنلىك ھاياتنىڭ مەنىسىنى رېئاللىقتا ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ئەركىنلىك ھەقىقىي ھاياتلىقنىڭ ئىپادىسى. ئەركىنلىك «ھايات»لىق بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى قۇللۇق ئۆلۈم، ئەركىنلىك ھاياتلىقتىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى ئەركىنلىكنى ئاساسلىق مەقسەتلىرىنىڭ قاتارىدىن قىلىپ بەلگىلىگەن. ئىسلام شەرىئىتى ئىنسان ھوقۇقىنى رېئاللىقتا ئىپادىلەيدىغان «دىن، جان، ئەقىل، ئابروي ۋە مال-مۈلۈك»نى ھىمايە قىلىشنى ئىلاھى پەرز ۋە شەرئى مەسئۇلىيەت قىلىپ بەلگىلىگەن. بۇ پەرزلەردىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. ئىسلام دىنى ھاياتنى قوغداشنى ئىلاھى پەرز ۋە شەرئى ۋاجىپ ئىش دەپ قارايدۇ، جان ئىگىسىنىڭ جان مەسىلىسىدە سۇسلۇق قىلىشى توغرا بولمايدۇ.

ئەركىنلىك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى تۈرى: ۋىجدانغا ئالاقىدار شەخسى ئەركىنلىك بولۇپ، ئىنساننىڭ ئەقىدە ۋە كائىنات نەزەرىيەسىدىكى قانائەتلىنىشىگە ئالاقىدار بولىدۇ. ھېچ بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنسانغا ئەقىدە ۋە ئالەم نەزەرىيەسىنى (دەۋەت قىلىش ۋە ئىزاھلاشتىن باشقا) تېڭىش ياكى ئارىلىشىش ھەققى بولمايدۇ: «سەن (ئۇلارغا) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى ئەمەسسەن» (غاشىيە سۈرىسى، 21، 22-ئايەتلەر).

ئىككىنچى تۈرى: ئىجتىمائىي، ئىنسانىي ئالاقە ۋە مەنپەئەت ئالماشتۇرۇش دائىرىسىدە ئىش-ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكى. بۇ ئەركىنلىكنىڭ جەمئىيەتنىڭ كېڭەش مەجلىسى يولغا قويغان جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا ماسلىشىپ ئىش قىلىش دائىرىسى بار بولىدۇ. شۇڭا بىرەر ئادەم ئادىل توغرا مەقسەتلىرىنى توسالغۇسىز ئىشقا ئاشۇرۇش ھەققىگە ئىگە، بىراق بۇ ئەركىنلىك باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان دەرىجىدە ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىققا ئېلىپ بارماسلىقى لازىم. چۈنكى ئىسلامدىكى ئەركىنلىك مەسئۇلىيەتكە باغلانغان ئەركىنلىكتۇر.

## 5. مەسئۇلىيەت:

ئىنسان ئۆزىدىكى توغرا تەۋھىد خاراكتېرى ۋە ئىلمىي ئىدراك ئىزباسارلىق ئىقتىدارى ئارقىلىق ئىقتىدار ۋە ئىمكانىيەت دائىرىسى ئىچىدە قارار ئېلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. ئالغان قارارلىرى ۋە تاللاشلىرىدىن مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدۇ. ياخشى ئىش قىلغان بولسا مۇكاپات، يامان ئىش قىلغان بولسا جازاغا ئۇچرايدۇ.

«شەخسى مەسئۇلىيەت» ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تايىنىدىغان ئاساسنىڭ ئۇلى. بۇ قائىدە ئىنساننى «ئىش-ھەرىكەت قىلساڭ نەتىجىگە ئېرىشىسەن»دېگەن ئۇقۇم ئاساسىدا تەربىيىلەيدۇ. كىم ياخشىلىق قىلسا ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ، كىم يامان ئىش قىلسا يامان نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. كىم تەرەققىيات ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسا تەرەققىياتنىڭ مېۋىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ، كىم تەرەققىياتقا ئىنتىلمىسە قالاقلىق ۋە مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتىپ پاسسىپ ۋە خار ھالدا ياشايدۇ.

قۇرئان كەرىم: «بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئىنسان نېمىگە ئىنتىلسە شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ، ئىنسان ئىنتىلىشى ۋە ھەرىكىتىنىڭ

نەتىجىسى پات ئارىدا كۆرۈلىدۇ» دەيدۇ، (نەجم سۈرىسى، 40-38).

دېمەك، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان مۇسۇلماندارچىلىق مەسئۇلىيىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ھەر بىر ئادەمگە مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن. تىجارەتچى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچى، دېھقان، ھۈنەرۋەن، ئوقۇغۇچى، ئالىم، كادىر...لاردىن ئىبارەت ھەممىسىنىڭ ئىسلامنى ئۆزىگە تەتبىقلاش، ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە ياشاش ۋە باشقىلارغا يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار. شۇنداقلا جەمئىيەتتە باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەش ۋە جەمئىيەتتىكى رەزىل، ناچار ۋە پاسسىپ ئىشلارنى چەكلەش مەسئۇلىيىتىمۇ بار. مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلىسىڭىز مەسئۇلىيىتىڭىزنى بىلىڭ ۋە ئىجرا قىلىڭ. مەن مۇسۇلمان ئەمەس دېسىڭىز، ئۇ ۋاقىتىدا سىز پەقەت ئۆزىڭىزدىنلا مەسئۇل بولىسىز... ھېسابى قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا بولىدۇ... ئاللاھ بۇ توغرىدا: «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، دەيدۇ. (زەلزەلە سۈرىسى، 7-ئايەت).

### 6. غايە:

ئىنسان تەۋھىد خاراكتېرى، ئىزباسارلىق ئىمتىيازى، ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىدراك ۋە بىلىم-مەرىپەت ئارقىلىق، شۇنداقلا كائىنات نىزامىنىڭ ئاجايىب سىستېمىلىق يارىتىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىگە قارىتا ھاياتلىق ۋە مەۋجۇدىيەتنىڭ چوقۇم غايىلىك يارىتىلغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ: «ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ ياراتقىنىمىز يوق (يەنى ئۇلارنى بىكار ياراتماستىن، قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرى سۈپىتىدە ياراتتۇق». (ئەنبىيا سۈرىسى، 16- ئايەت).

قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيىسىدە ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسى ۋە مەقسىتى بار: «سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى» (مۇلك سۈرىسى، 2-ئايەت).

ئىنساننىڭ، بۇ ھاياتلىقتا رېئاللىققا ئايلاندۇرغان ئىشلىرىنىڭ ھەقىقى مېۋىسى ئەبەدىي ئاخىرەت ھاياتىغا قەدەر سوزىلىدۇ: «ئاسمان ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھ يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلار چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ» (نەجم سۈرىسى، 31-ئايەت). ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ھېساب بەرمەي ياكى مۇكاپات

ۋە جازاغا ئېرىشمەي بۇ دۇنيا خوشلىششى ئەقىل ياكى ئادالەت ياكى ۋىجدان ياكى دىن ياكى ئىنساننىڭ ساپ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن ئىش ئەمەس.

### 7. ئەخلاق:

كائىنات ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقى، ئۇ زاتنىڭ يەككە-يېگانىلىقى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى ھېس قىلىش ئىنساندىكى تەبئىي ئىدراكتۇر. ياراتقۇچى بولغانىكەن كائىنات ۋە مەۋجۇدىيەتنىڭ غايىسى بولىدۇ. كائىنات ۋە مەۋجۇدىيەتنىڭ يۇقىرى ئەخلاقىي غايىلەر ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ھەقىقەت. ئەخلاقىي غايە ئىنسان ھايات يۆلىنىشىدە ئىسلاھات ۋە گۈللەندۈرۈش ياكى ھەددىدىن ئېشىش ۋە بۇزغۇنچىلىق يولىنىڭ قايسى بىرىنى بىلىش ۋە مەسئۇلىيەت ئاساسىدا تاللىشىدا ئىپادىلىنىدۇ: «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى)ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى مۇ)ئۆزىگىدۇر»( بەقەر سۈرىسى، 286- ئايەت).

ئىنساندىكى توغرا روھىي خاراكتېر تۇيغۇسى ئىنسان تەبىئىتىدىكى دىنىي ۋە ئەخلاقى ھېس تۇيغۇنىڭ ئاساسىي. ئىنساننىڭ ئىستىلىنى روھىنىڭ نۇرى ۋە ۋىجداننىڭ كۈچى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

ئەخلاق ھەر بىر مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرى ۋە ئاساسىي، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تارىخ بويى مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش سىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاق ئىنسان ئۈچۈن ھاياتلىق ۋە مەۋجۇدىيەتنىڭ روھىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ جەۋھىرىمۇ ئەخلاقتۇر. ئەخلاق ھايات مېتودىنى تەمسىل قىلىدۇ.

ئىسلامدىكى ھەر بىر ھۆكۈم ۋە مەسىلىلەر ئەخلاققا چېتىلىپ كەتكەن. ئەقىدە ۋە ئىبادەتمۇ ئەخلاقتىن ئايرىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىدىكى ھالقىلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى «ئەخلاق» دەپ بەلگىلەنگەن. ئىسلام شەرىئىتى بارلىق كۆرسەتمىلىرى بىلەن ئەخلاقنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىنىشىدۇر.

### 8. كېڭەش ئاساسىدا ئىش قىلىش:

ئىنسان زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىزباسار قىلىپ يارىتىلدى: «ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن)ياراتتى ۋە سىلەرنىڭ زېمىننى

گۈللەندۈرۈشكەلارنى تەلەپ قىلدى» (ھۇد سۈرىسى، 61-ئايەت). شۇڭا بىلىم-مەرىپەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە كۈچ-قۇۋۋەت بېرىلدى، ئىختىيارلىق بىلەن بىرگە ئەركىنلىك ۋە ئىقتىدار بېرىلدى. ۋىجدانىدا ياخشىلىق، ئىسلاھات ۋە گۈللەندۈرۈش مەقسىتىنى تەقەززا قىلىدىغان توغرا روھى خاراكتېر بېرىلدى.

زېمىننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىزباسارلىق ۋەزىپىسى ھەر بىر ئىنساننىڭ يەككە مەسئۇلىيىتى بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىنسان تۈرى ۋە جەمئىيەتكە ئالاقىدار ئىجتىمائىي ۋەزىپىدۇر. ئىزباسارلىق ئەركىنلىك ۋە ئىنسانىي مەسئۇلىيەتچانلىقتا مۇھىم كۆلەم ئاتا قىلىدۇ، چۈنكى مەسئۇلىيەتچانلىق ئىسلاھات ۋە گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان غايىدۇر.

مانا مۇشۇ يەردە يەككە ۋە كوللېكتىپنىڭ يوللۇق ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كوللېكتىپ كېڭەش ئېلىپ بارىدىغان كېڭەشنىڭ رولى يېتىپ كېلىدۇ. كېڭەش شەخس، كوللېكتىپ ۋە ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، بەلكى ئىزباسارلىق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان مۇھىم قورال. كېڭەش ئاساسىدا ئىش قىلىش ئىنسانلارنىڭ ھۆرمىتى، ئەركىنلىكى، مەسئۇلىيىتى ۋە غايىلىرىنى ھىمايە قىلىشتىكى مۇھىم قورال. ئۇ ئىنساننىڭ قىلمىشلىرىنى ئىدارە قىلىش، ئىنساننىڭ ساغلام ئىدىيەسىنى ئىستېمال قىلىش ۋە كوللېكتىپ ھالدا قانائەت ھاسىل قىلىش پرىنسىپىدۇر. شۇنداقلا سۆھبەتلىشىش، ئوتتۇراھال يول تۇتۇش، ئالاقە ئورنىتىش، ماسلىشىش ۋە كەڭ قورساق بولۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر.

كېڭەش مىللەت ۋە ئۇممەتنى مۇستەبىتلىك، زوراۋانلىق، زۇلۇم، چېكىدىن ئېشىش ۋە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن ھىمايە قىلىدىغان زۆرۈر ھىمايە قورالدۇر. شۇنداق بولغاندا ئۇممەت ھۆكۈمەتنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە مەنپەئەتكە بويسۇندۇرالايدۇ. كېڭەش يوقالغاندا ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئۇممەتنى شەخسى مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇۋالىدۇ، ھوقۇق ۋە بايلىقنى يالغۇز ئىگىلىۋالىدۇ. ئويۇن كۈلكىسى ۋە كۆڭلىنىڭ يولسىز تەلەپلىرى ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى ئىقتىدار، ئىجادىيەت ۋە گۈللىنىش ئىمكانىيەتلىرىنى يوقىتىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەركىنلىك ۋە كېڭەشنىڭ مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ياكى ۋەيران بولۇشىدا ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار.

قۇرئان كەرىم كېڭەش ئاساسىدا ئىش قىلىشنى پەرز قىلغان، ئاللاھ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ساھابىلەر بىلەن كېڭەش قىلىشقا بۇيرۇپ: «ئۇلار

بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلغىن»دەيدۇ. (ئال ئىمران سۈرىسى، 159-ئايەت). ئىسلام دىنىمىزدا كېڭەش ۋە مەسلىھەت ئاساسىدا ئىش قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدە سۈپەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان:«ئۇلار ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىشىدۇ» (شۇرا سۈرىسى، 38- ئايەت).

ئىجتىمائىي ئىشلارنى كېڭەش ۋە مەسلىھەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئىسلامدىكى ئۆزگەرمەس پرىنسىپ بولۇپ ئىلاھىي پەرزدۇر.

## 9.ئەركىنلىك ۋە كېڭەش مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن مۇھىم:

مۇستەبىتلىك، زۇلۇم ۋە بۇزغۇنچىلىق ئەركىنلىك ۋە كېڭەش بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى زۇلۇم ۋە بۇزغۇنچىلىق بىلىمسىزلىك، ئازدۇرۇش ۋە ساختىلاشتۇرۇش زۇلمەتىدىن باشقا ئورۇندا بازار تاپالمايدۇ. كېڭەش بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىغان ئەركىن كىشىلەرنى ھەر زاماندا ئازدۇرغىلى بولمايدۇ. ئادالەت ئەركىنلىك ۋە كېڭەشنىڭ نەتىجىسى. ئەركىنلىك ۋە كېڭەش ئادالەتسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئەركىنلىك ۋە كېڭەشنىڭ مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ياكى ۋەيران بولىشىدا، مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ۋە ياكى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىدا ئايرىلماس مۇناسىۋىتى بار.

قايسى بىر ئورگان كېڭەشنى مېتود قىلىپ ماڭىدىكەن جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى ھىمايە قىلالايدۇ، قالايمىقانچىلىق ۋە بۇرۇلۇشنىڭ ئۇرۇقلىرىنى يوقىتالايدۇ، ئەركىنلىكنى قوغدىيالايدۇ ۋە ئىجادىيەتكە كەڭرى مەيدان ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ.

## 10. ئومۇمىيۈزلۈك ئىلمىي قانۇنىيەتلەرنى بىلىش:

ئىنسان خاراكتېرى، مەۋجۇدىيەت قانۇنىيەتلىرى ۋە ھايات رېئاللىقىنى ئوبيېكتىپ ئەقلى تونۇپ يېتىش ھاياتنى ۋە مەۋجۇدىيەتنى چۈشىنىشنىڭ يولى. ئومۇمىيۈزلۈك قانۇنىيەتلەرنى ئىلمىي ۋە ئەقلى جەھەتتىن تونۇپ يەتمىگەندە خۇراپات، قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، ئىسلامنىڭ تەۋھىد ئاساسىدىكى ئالەم نەزەرىيەسىنىڭ خاراكتېرى خۇنۇكلىشىپ سەت كۆرۈنىدۇ، مەسئۇلىيەت ئېڭى يوقىلىشقا باشلايدۇ:« پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە(ئۆزىگە

مۇناسىپ)شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى)كۆرسەتتى» (تاھا سۈرىسى، 50-ئايەت).

سەۋەب-چارە قانۇنىيىتى بىلەن ئىزباسارلىق بىر بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، ئايرىلىپ قالسا ھايات قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، مەسئۇلىيەتسىزلىك شەكىللىنىدۇ، شۇنداقلا نادانلىق، ئاڭسىزلىق ۋە خاتا چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ. ئىلمىي سەۋەب-قانۇنىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ھاياتنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر.

ئىزباسارلىق دېگەن ئىنسانىي ئىرادە ۋە ئىش-ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى دېگەن بولىدۇ. ئۇ ئىرادە مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش؛ تەۋھىد، غايە ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرى ئاساسىدا ئىش-ھەرىكەت قىلىش دېمەكتۇر.

ۋەھيي بىلەن كائىنات قانۇنىيەتلىرى ۋە ئەقىل ئارىسىدىكى ساغلام ئالاقىدە ئىنسان خاراكتېرى ۋە كائىنات قانۇنىيەتلىرى ۋەھيىنىڭ تېمىسى بولىدۇ. ئەقىل ۋەھيي مەسىلىلىرىنى ھېس قىلىشقا ۋە ئىنساننى توغرا يۆلىنىشكە سېلىشقا ياردەم بېرىدىغان ۋاستە ۋە قورالدۇر.

ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلى مېتود يۆلىنىشى گرېكلار مەنتىق (لوگىكا) نىڭ شەكىللىرى، پەلسەپىسىنىڭ خىيال ۋە خۇراپاتلىرى بىلەن تەسىرلەنمىگەن بولسا، مۇسۇلمانلار مەدەنىيەتنىڭ دەسلەپكى ئاساس سالغۇچىلىرى بولغان بولار ئىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئالەم نەزەرىيەسى بىلەن تولۇق بىلىم-مەرىپەتلەرنى ئىگىلەشكە لاياقەتلىك ئىدى. ئەگەر ئىلمىي قانۇنىيەتلەرگە ئېسىلىپ ماڭغان بولسا، كېيىنكى باشقا مىللەتلەردىن كۆپ نەتىجە ياراتقان بولاتتى.

شۇڭا مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى ئاساسىدا بىلىم-مەرىپەت، تەلىم-تەربىيە ۋە مەدەنىيەت ئېڭىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق مۇستەھكەم قەدەم بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك كائىنات قانۇنىيەتلىرى ۋە مېتودلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك.

قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيەسى ئارقىلىق مەدەنىيەت، تەلىم-تەربىيە يۆلىنىشىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم. چۈنكى مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە تەلىم-تەربىيەنى ئىسلاھ قىلىش ۋىجدان تەربىيەسى، ئۈممەتنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي ئورگانلىرىنى قۇرۇپ چىقىشتا، شۇنداقلا ئىلمىي ۋە يېتەكچى رەھبەرلەرنى يېتىشتۈرۈشتە ئاساستۇر.

پەرزەنتلەرنى تەربىيلەشتىن ئىلگىرى مەرىپەت ۋە ۋىجدان قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىي بولغان ئىسلامنىڭ ئالەم نەزەرىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. شۇنداق بولغاندا مۇسۇلمانلار تەۋھىد خاراكتېرىدىكى ئەخلاقلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئىجابىي ساپ ئەقىدىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ.

ئىلاھىي ۋەھىي، ساغلام خاراكتېر ۋە كائىنات قانۇنىيەتلىرىنى مەرىپەتنىڭ مەنبەسى قىلىپ تۇتۇپ مېڭىش؛ ئەقىل يۈرگۈزۈش ۋە تەكشۈرۈشنىڭ قورالى دەپ قاراش ئىدىيە تىكلەش، بىلىم-مەرىپەت ئىگىلەش، مائارىپ ئورگانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، ساغلام ۋىجدانلىق ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە توغرا مەنىۋى ئەقىدىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ ساغلام يولىدۇر. چۈنكى بۇ ئامىللار توغرا مەرىپەت، پەزىلەتلىك ئەخلاق، پاك ۋىجدان، ئادالەت، مېھرىبانلىق، تىنچلىق ۋە گۈللەندۈرۈش مەدەنىيىتى بىلەن بەھرىمەن بولىدىغان مەدەنىيەتلىك مۇسۇلماننى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئامىللىرىدۇر: «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ. شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر» (نۇر سۈرىسى، 55-ئايەت).

## 11. دۇنياۋىلىق:

ئىسلامنىڭ خىتابى بارلىق ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان، ئىسلامنىڭ ۋاستىسى ئىلمىي قانۇنىيەتتۇر، ھۆججىتى ۋە ۋەزىپىسى «ئوقۇ» ناملىق كىتابتۇر، غايىسى ئادالەت ۋە تىنچلىقتۇر. چۈنكى ئادالەت بولمىسا خەلقئارالىق ھالەت ۋە تىنچلىق ھاسىل بولمايدۇ. ئادالەت، بىلىم-مەرىپەت، دۇنياۋىلىق ۋە تىنچلىق ئارقىلىق خۇراپات، زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىققا ئورۇن بولمايدۇ.

خەلقئارالىق ياكى دۇنياۋىلىق ئالاقە ئورنىتىش، قېرىنداشلىق، كۆيۈنۈش، پايدا-مەنپەئەتلەرنى ئادىل ئالماشتۇرۇش ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا تىنچلىق ئورنىتىشقا باغلىق. ئىسلام دىنى كەلگەندىن تارتىپ ئىنسانىيەت قاتنىشۋاتقان ئىلمىي ۋە دۇنياۋىلىق باسقۇچ ئىنسانىيەتنى ئورتاق نۇقتىلاردا بىرلىشىشكە چاقىرىدۇ: «ياخشى

ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار» (مائىدە سۈرىسى، 2-ئايەت).

## 12. تىنچلىق:

تەۋھىد ۋە ئىنسانىيەت بىرلىكى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىسلامنىڭ ئالەم نەزەرىيەسى ئىسلام ۋەزىپىسىنىڭ دۇنياۋى ئىكەنلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنداقلا تىنچلىقنىڭ ئىسلام تەلەپ قىلىۋاتقان دۇنياۋى قۇرۇلمىنىڭ مۇستەھكەم ھەيكىلى بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا تىنچلىق ئەسلى قائىدە، ئۇرۇش ئايرىم ھالەتتۇر.

قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيەسىدە تىنچلىق ئادالەت ۋە ئىنسانىيەت بىرلىكى ئۈچۈن پرىنسىپتۇر. گىرەلىشىپ كەتكەن ئىنسانىيەت ئالاقىسىنى تىنچلىق پرىنسىپى كونترول قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

ئىسلامنىڭ مەنىسى تىنچلىق دېگەن بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام ئىنساننىڭ ئۆزى، ئائىلىسى، جەمئىيىتى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە تىنچلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

تىنچلىق ئىسلامنىڭ مەشھۇر پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى. تىنچلىق ھەمكارلىق، تونۇشۇش ۋە ئىنسانىيەت ئارىسىدا ياخشىلىقنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئەسلى قائىدىدۇر. باشقىلار تىنچلىققا رىئايە قىلسا مۇسۇلمانلار ۋە باشقىلار ئىنسانىي قېرىنداشتۇر.

ئىنساننىڭ مەۋجۇد بولۇشىدىكى بىۋاستە نىشان بۇ دۇنيانى ئاۋات قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈشتۇر. گۈللەندۈرۈشنىڭ بىرىنچى پىلانى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خاراب قىلىش ۋە ۋەيرانچىلىققا پۇرسەت بەرمەسلىكتە نامايان بولىدۇ. خاتىرجەملىك گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈرتكىسى. تىنچلىق شۇنداقلا ئىنساننىڭ ھاياتى، ھۆرمىتى، ئەركىنلىكى ۋە ئىرادىسى ئۈچۈن كېپىلدۇر.

تىنچلىق ئىسلامدىكى ئەسلى قائىدە، ئۇرۇش (قىتال) ئايرىم زۆرۈرىيەت ئەھۋالىدىن ئىبارەت. ئىسلامدا زۆرۈرىيەت ئەھۋالى بولمىسا، ئۇرۇشقا تايىنىش توغرا بولمايدۇ. ئۇرۇش پرىنسىپ جەھەتتىن ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ نەپسىگە يېقىملىق ئەمەس. قۇرئان كەرىم بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ:«بەلكىم ئاللاھ سىلەر بىلەن سىلەر ئۆچ كۆرىدىغان ئادەملەر ئارىسىدا دوستلۇق پەيدا قىلىشى مۇمكىن، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» دەيدۇ. (مۇمتەھىنە، 7-ئايەت).

ئاللاھ تائالا ئۇرۇش بولمىغانلىقنى رەسۇلۇللاھقا مىننەت سۈپىتىدە تىلغا ئالماقتا: «ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيىدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشىڭلاردىن توستى، ئاللاھ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (پەتھى سۈرىسى، 24- ئايەت). «ئاللاھ كاپىرلار(يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن) نى خاپا قايتۇردى، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى، ئاللاھ(دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق)مۇئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، ئاللاھ كۈچلۈكتۇر, غالىبتۇر» (ئەھزاب سۈرىسى، 25-ئايەت).

بۇ ئايەت ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق دىنى ئىكەنلىكىنى؛ دۇنيانى قانتى ئاستىدا سايىداتماقچى ئىكەنلىكىنى، دۇنيادا تەرتىپ ئورناتماقچى ئىكەنلىكىنى ۋە بارلىق كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۆز-ئارا تونۇشقان ۋە ھەمكارلاشقان ھالدا توپلاشنى مەقسەت قىلىدىغان دۇنياۋى تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ئىسلامدىكى ئۇرۇشتىن مەقسەت دىنى ئەركىنلىكىنى قوغداشتۇر. دىنغا زورلاش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش پەقەتلا توغرا ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش قىلىش ئەڭ ئاخىرقى چارىدىن ئىبارەت. ئۇرۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشىمۇ زۇلۇمنى يوقىتىشقا مۇناسىۋەتلىك. زۇلۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش يولغا قويۇلغان: «(كۇففارلاردىن)سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر» (مۇمتەھىنە سۈرىسى، 8-9-ئايەتلەر).

شۇڭا ئىسلام دىنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى بىر قانچە تۈرلۈك ئوخشىماسلىقنى توقۇنۇشقا ئەمەس، تونۇشۇش ۋە ھەمكارلىششقا باغلىغان.

ئىسلاھ قىلىش، گۈللەندۈرۈش ۋە ئىجادىيەت يارىتىش ئىسلامنىڭ مەدەنىيەتلىك

ئالەم نەزەرىيەسىدىن ئايرىلمايدىغان پرىنسىپتۇر. تەۋھىدنىڭ ياخشىلىق يارىتىش، ئىسلاھات ۋە گۈللەندۈرۈش مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىش-ھەرىكەت قىلمىسا ئىنساننىڭ قىممىتى بولمايدۇ ۋە ئىنسان شەخسىيىتىنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرالمايدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىز ئىسلام ئىدىيەسى ۋە ئىسلامنىڭ ئالەم نەزەرىيەسىدىكى مۇھىم پرىنسىپلاردۇر. بۇلاردىن باشقىمۇ «ئىسلاھ قىلىش، گۈللەندۈرۈش ۋە گۈزەللىك تەربىيىسى» دېگەنگە ئوخشاش ئىسلامنىڭ تۈرلۈك قىممەت-قاراش ۋە پرىنسىپلىرى بار. ئاللاھ خالىسا كېيىنچە توختىلىمىز.

## پايدىلانغان كىتابلار:


1.قۇرئاننىڭ كائىنات كۆز-قارىشى-د.ئابدۇلھەمىد سۇلايمان.

2. قۇرئاننىڭ مېتود بەلگىلىرى-د.تاھا جابىر ئۇلۋانى.

3. ئىسلامنىڭ مېتود بەلگىلىرى-د.مۇھەممەد ئەمارە.

4. ئىسلامنىڭ كائىنات كۆز-قارىشى-د.ئىبراھىم بەييۇمى.

5. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى-د. ئەھمەد سەرىر.

6. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى-د.جاسىر ئەۋدە.

7. ئىسلاھات توغرىسىدا قۇرئان مۇلاھىزلىرى-د.مەجدى سەئىد.

8. ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر ئۇقۇمى-د.رامىزان خەمىس.

9. قۇرئان قانۇنىيەتلىرى-د.مۇھەممەد ھەيشۇر.

10.قۇرئان كومپىسى-د.ئەھمەد خەيرى.

11. قۇرئاننىڭ پرىنسىپال ئاساسلىرى-د.ئەھمەد رەيسۇنى.

12. ئىسلام تىنچلىق دىنى-د.ئابدۇسوپۇر شاھىن.

13.ئىسلامدىكى خەلقئارا ئالاقە-د.جامال قۇتۇب.

14. ئىسلام ۋە باشقىلار- د. مۇھەممەد ئەمارە.


مىسىر، قاھىرە شەھىرى

2015.08.1 كۈنى

پىروفېسسور دوكتور مەھمەت ئەردوغان

# «مەقاسىدۇششەرىيئە» دائىرىسىدە سۈننەت ۋە ھەدىسنىڭ ئىزاھلىنىشى*(1)

«مەقاسىدى شەرىيئەھ» ئاتالغۇسى – ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قارىلىدىغان نەرسىلەر (قۇرئان ۋە سۈننەت) نىڭ مەنالىرىنى لەۋزى (سۆز/خەت) ئىزاھاتنى ئاساس قىلىپ چۈشەندۈرۈدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىمىزنىڭ[2] ئىلگىرىكى كۈچىنى يوقاتقانلىقى سۆزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى شارائىتتا بارغانسېرى بازار تېپىۋاتقان بىر ئاتالغۇدۇر.

ئىمام شاتىبى (ۋاپاتى ھىجرىيە 790/1388) بۇنىڭدىن خېلىلا ئىلگىرىكى بىر دەۋردە ئىجتىھادنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا داۋاملىشىشىنىڭ مۈشكۈللىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋە پىكرىي جەھەتتىن يېڭى كۆزقاراشلارغا ئاساس بولىدىغان مەقاسىد نەزىرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.[3] دەرۋەقە، بۇ تېما ھەققىدە بەزى ئالىملار گەپ قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، بەلكى دەسلەپكى قەدەمدە دەپ قاراشقا

(1) * بۇ ماقالە، يازغۇچى تەرىپىدىن 2001-يىللى «ئىسلامنىڭ چۈشەندۈرۈلىشىدە سۈننەتنىڭ ئورنى ۋە ئەھمىيتى» دېگەن تېما بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مەۋلۇدۇننەبى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغانلىقى) نى خاتىرلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇپ ئۆتۈلگەن. يىغىندا ئوقۇپ ئۆتۈلگەن مەلۇماتلار بولسا، 2003 – يىلى تۈركىيە دىنىي ئىشلار ئىدارىسى تەرىپىدىن ئەنقەرەدە بېسىپ تارقىتىلغان.

«شەرىئەتنىڭ مەقستى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئۇقۇم، ئەرەب تىلىدىكى «مەقاسىدىششەرىيئەھ» دېگەن ئىپادىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئىسلام شەرىئتىنىڭ غايىسى ياكى مەقستىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساسىي تېما قىلغان بىر ساھەگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا بۇ ماۋزۇدا قەلەم تەۋرىتىش ئىشلىرى خېلى ئىلگىرىلا باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ماۋزۇنىڭ دىن ئالىملىرىمىزنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرىشى يېڭى ھېسابلىنىدۇ. بىز مۇھىملىقى سەۋەبىدىن بۇ تېما ھەققىدە باشلانغۇچ مەلۇمات بېرىدىغان بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق. ژۇرنال ئىدارىسىدىن.

(2) Geleneksel anlama metodolojileri hakkında bk. Muhammed Abid Cabirî, *Arap-islam* Kültürünün Akıl Yapısı (Bünyetü'l-akli'l-arabî), tre. Burhan Köroğlu, Hasan Hacak, Ekrem Demirli, istanbul1999; Mehmet Görmez, *Sünnet ve Hadisin* Anlaşılmasında *Metodoloji Sorunu,* Ankara 1997, s. 130-137.

(3) Hakkındaki değerlendirmeler için bk. Cabirî, *age,* s. 667 vd. Musa Carullah'ın Kazan baskısı için yazmış olduğu tanıtım ve değerlendirme yazısı tarafımızdan sadeleştirilmiş ve kendi tercümemizin baş tarafında yayınlanmıştır. İmam Şatıbî ve Makasıd nazariyesi hakkında yapılmış özel çalışmalar bulunmaktadır. Ayrıca ülkemizde de doktora ve yüksek lisans düzeyinde çalışmaları yapılmaktadır. Bizim görebildiklerimiz şunlardır: Halidî Mesûdî, Muhammed, *islam Hukuk Teorisi,* tre. Muharrem Kılıç, istanbul1997; Reysînî, Ahmed, *Nazariyyetü'l-makasıd İnde'l-imam* eş-Şattıbî, Riyad 1992; Hammadî el-Abîdî eş-Şattbi *ve* makasiduş-şeri'a, Trablus 1992.

بولىدىغان شەكىلدە بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلارنى ھەجىملىك بىر ئەسەر بىلەن تەپسىلىي ھالدا نەزىرىيەلەشتۈرۈپ چىقتى. ئەپسۇسكى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىكى تۇرغۇنلۇق ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشقان ئىدى. بۇ باسقۇچتا شاتىبىنىڭ بۈيۈك پاراسەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان مەقاسىد نەزىرىيەسى، بولۇپمۇ ئۇسۇل جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى يېتەرلىك دەرىجىدە ئېتىبار كۆرمىدى. ئۇسۇل دەرسلىرىدە يەنىلا لەۋزى بىلەن ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولمىغان بۇرۇنقى ئۇسۇل كىتابلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇ ئەسەرنىڭ ۋە شۇنىڭدەك مەقاسىدنى ئاساس قىلغان ئۇسۇل نەزىرىيەسىنىڭ ئۆز قىممىتىنى تېپىشى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە ئوقۇغۇچىسى رەشىد رىزا قاتارلىق ئىجتىھاد ۋە يېڭىلىق تەرەپدارى سىماالرنىڭ دىققەت چېكىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىجتىھاد پىكرىنىڭ جانلىنىشىغا پاراللېل ھالدا بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە بارغانسېرى بازار تېپىشقا باشلىدى، ئالىملارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاشقا باشلىدى. بۇ ئەسەر بىر نەچچە قېتىم بېسىلدى ۋە مەن بۇ ئەسەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ چىقتىم.

مەقاسىد تېمىسىغا بارغانسېرى قىزىقىشنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ماۋزۇدا مۇھىم ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مارمارا ئۇنىۋېرسىتتى ئىلاھىيات فاكۇلتېتى ۋە باشقا ئىلاھىيات فاكۇلتېتلىرىدا ئاسپىرانتلىق، دوكتورلۇق سەۋىيەسىدە دەرس كىتابى قىلىپ ئوقۇتۇلۇۋاتقان تاھىر بىن ئاشۇرنىڭ «مەقاسىدۇششەرىيئەتىل ئىسلامىيە» ناملىق ئەسىرىنىڭ مەلۇم ئەھمىيىتى بار.[4] بۇ ئەسەر پىكرىي جەھەتتە يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە چوقۇم پايدىلىنىشقا تېگىشلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

خۇسۇسەن، سۈننەتنى باش تېما قىلغان، سۈننەتنىڭ قەتئىي ھالدا بىر ھېكمەت ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى نۇقتىسىدا تۇرۇپ يېزىلغان شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلەۋىينىڭ «ھۈججەتۇللاھىل بالىغە» ناملىق ئەسىرىنى بۇ يەردە تىلغا ئالماي ئۆتۈپ كېتىشمۇ توغرا بولمىسا كېرەك[5].

سۈننەتنى توغرا ئىزاھلاش ئۈچۈن قانداق قىلىش توغرىسىدا تۈركىيەدە

(4) ibn Aşar, Muhammed Tahir, Makasıdu'ş-şeri'ati'l-islamiyye, Tunus 1978. Türkçesi: *islam Hukuk Felsefesi,* (tre. Vecdi Akyüz/ Mehmet Erdoğan), istanbul1998.

(5) Dihlevi, Şah Veliyyullah, Hüccetullahi'I-Baliğa, tre. Mehmet Erdoğan, istanbul1994.

ئەھمىيەتلىك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى، ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ تەتقىقاتلار ئارىسىدا خەيرى قىرباشئوغلۇ،[6] مېنىڭ ئۆزەمنىڭ بۇ ماۋزۇ ھەققىدىكى ئەسىرىم[7]، مەھمەت گۆرمەز، بۈنيامىن ئەرول، ئىبراھىم خاتىبئوغلۇ ۋە مەھمەتئەمىن ئۆزئاپشار قاتارلىق دوستلىرىمىزنىڭ تەتقىقاتلىرىنى[8] تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن.

بۇ ئومۇملاشتۇرۇلغان كىرىش سۆزدىن كېيىن، «شەرىئەتنىڭ مەقسىتى» ئۇقۇمى بىلەن نېمىلەرنى مەقسەت قىلغانلىقىمىز ھەققىدە يەنە ئىخچام ھالدا بىر ئاز مەلۇمات بېرىپ ئۆتمەكچىمىز، بۇ مەلۇماتنى ئۈچ ماۋزۇ ئاستىدا بايان قىلىمىز.

بىرىنچىسى، ئۇمدەلەر؛ ئىككىنچىسى، پىرىنسىپلار؛ ئۈچىنچىسى، مەقسەتلەردىن ئىبارەت.

تۆۋەندە بۇلارنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى ۋە شۇنىڭ بىلەن سۈننەتنىڭ توغرا چۈشىنىلىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان زېمىن ۋە ئۇقۇم مۇھىتىنى شەكىللەندۈرەيلى.

1 - ئۇمدەلەر: پىكىر دۇنيامىزدا ئاساس قىلىنغان ھەرىكەت نۇقتىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكى تۆرلەر ئاستىدا تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىسلام دۇنيا قارىشى ۋەھيگە تايىنىشى كېرەك. ئىنسان ئەۋلادى تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ئەڭ مۇناسىپ جانلىق بولۇش بىلەن بىرلىكتە، توغرا چۈشىنىش، توغرا ئۆلچەش ۋە توغرا يەكۈن چىقىرالىشى ئۈچۈن قولىدا ئىلاھىي ئۆلچەملەر بولۇشى كېرەك. كۆز يورۇقلۇق مەۋجۇت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەندەك، ئەقىلمۇ بۇ خىل ئۆلچەملەر مەۋجۇت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، توغرا ئۆلچەم ۋە توغرا يەكۈن چىقىرالمايدۇ. توغرا نەتىجىگە ئېرىشەلىشى ئۈچۈن، ئۆزىدىن باشقا، خاتالاشمايدىغان ئۆلچەملەر بولۇشى كېرەك. بۇ ئۆلچەملەر ۋە قىممەتلەر «ۋەھيى» دەپ ئاتىلىدىغان خۇسۇسي ئالاقە يولى بىلەن ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلىنغان.

(6) Kırbaşoğlu, M. Hayri, *islam* Düşüncesinde *Sünnet,* Ankara 1993; aynı müellif, *islam* Düşüncesinde *Hadis Metodolojisi,* Ankara 1999.

(7) Erdoğan, Mehmet, Vahiy-Akıl *Dengesi* Açısından *Sünnet,* istanbul1996.

(8) Bünyamin Erul, *Sahabenin Sünnet* Anlayışı. Ankara 1999; ibrahim Hatiboğlu, *islam'da Yenilenme* Düşüncesi Açı*sından Modernistlerin Sünnet* Anlayışı, Yayınlanmamış Doktora Tezi, M. ü. i. F. istanbul 1996; M. Emin Özafşar, *Hadisi Yeniden* Düşünmek, Ankara 1998.

ئىسمى زىكرى قىلىنغان بەزى قىممەتلەرنىڭ مەنبەسى- ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەقلىنى ياراتقان ئاللاھتۇر. ئىسلام دىنى تەلىم بەرگەن تەڭرى تەسەۋۋۇرىدا ئاللاھ يېگانە ياراتقۇچى ۋە يارىتىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانىدۇر. ئۇ ھەر ۋاقىت يارىتىلغۇچىلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇ ھەر ۋاقىت مەخلۇقات دۇنياسىنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىپ تۇرىدۇ، ئۇ ھەر كۈنى ئىش بىلەن مەشغۇلدۇر[9] ، ھەر ۋاقىت ئۆزىنى بەكمۇ پەرقلىق يوللار بىلەن ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. بۇ خىل قول تىقىش، يارىتىش بىلەن بولغاندەك بۇيرۇق[10] بېرىش بىلەنمۇ بولىدۇ. يەنى ئۇ بۇيرۇق، يەنىلا ئۇنىڭ ئۆز تەسەررۇپىدا بولىدۇ. يەنى مۈلكىنىڭ ھەقىقى ئىگىسى، سۇلتانى ۋە ھاكىمىدۇر[11]، مۇدەببىرۇل ئەمرىدۇر، ھەممە نەرسىنى ئۆرۈپ – چۆرۈگۈچىدۇر، باشقۇرغۇچىدۇر، بەك يۇقىرىدا بولغاندەك، مەۋجۇداتقا بەكمۇ يېقىندۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ «ئەمر» ۋاستىسى ئارقىلىق قول تىقىشى، تارىخقا ئەتراپلىق ھالدا قول تىقىش ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى ئارقىلىق ئەۋەتكەن تەبىئىي قانۇنلارنىڭ پىرىنسىپلىرى ئورنىدا تۇرىدىغان قىممەتلەر تۈركۈمىنىڭ ئۇلۇلئەمرى[12] ۋاستىسى بىلەن ۋە بىر جەريان ئىچىدە ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا ھاكىم قىلىنىشى، يەنە نەتىجىدە ئاللاھنىڭ ئەمر يولى بىلەن ئارىلاشقانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنى ياراتمىغاندەك، ئۆزى ئۈچۈن يەنە ئۆزى كۇپايە قىلمايدۇ.

(9) Rahman suresi, 55/29.

(10) Araf suresi, 7/54.

(11) Muhammed Hamidullah, *islam Tarihi,* tre. Salih Tuğ, 11, 738, 880; Muhammed Hamidullah, *islam'da Devlet idaresi,* s. 146.

(12) "Ülü'l-emr" kavramı hk. bk. Maverdî, *el-Ahkamu's-Sultaniyye,* s. 5; bk. Beydavî, Tefsir, ll, 102; Nesefî, Ebü'I-Berekat Abdullah b. Ahmed, *Medarikü't-tenzil ve hakaiki't-te'vil, (Mecmau't-tefasir),* Beyrut ty., ll, 103; Kurtubî,
Ebu Abdullah Muhammed b. Ahmed el-Ensarî, *el-Cami'u li ahkami'I-Kur'an,* Beyrut 1985, V, 259. Ayrıca bk.
Vecdi Akyüz, *Kur'an'da Siyasi Kavramlar,* s, 137; Manzooruddin Ahmed, "Kur'an'da Anahtar Siyasi Kavramlar",
*islam'da Siyaset* Düşüncesi, Derleme/tre. Kazım Güleçyüz, lstanbuı1995, s. 96. Bizce her iki grup birlikte maksat olmalıdır. Nitekim ibn Teymiyye *de* ülü'l-emrin emirler ve alimler olmak üzere iki çeşit olduğunu söylemiş, bunlar iyi olunca diğer insanların da iyi olacaklarına dikkat çekmiştir. (bk. ibn Teymiyye, *Siyaset,* tre. Vecdi Akyüz, istanbul1985, s. 192).
Raşid halifeler döneminde ulema ile ümera'nın aynı gruptan ibaret olduğu, Emevî iktidarı ile birlikte bunların ayrıştığı hakkında bir tespit için bk. Cabirî, Muhammed Abid, *islam'da Siyasal Akıl,* s. 653.

ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆزىگە كۇپايە دەپ قارىشى[13] ، ئىسلام نەزىرىدە ئازغۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئىنسان ئۆزىنى ئۆزىگە يېتەرلىك دەپ قاراپ، ئېزىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە «رېنىسانىس پەلسەپەسى[14]» پۈتۈنلەي بۇ ئازغۇنلۇق ئۈستىگە قۇرۇلۇپ، ئىنسانىيەتنى بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈردى. بۇ پەلسەپە بىلەن ئۆزىنىڭ پىكرىي ساھەدىكى مەھسۇلاتلىرىدىن ھالقىپ، ئىنساننىڭ ھاياتىنى تەرتىپكە سالىدىغان ھېچقانداق تۈزۈم ۋە قىممەتنى قوبۇل قىلمايدىغان، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىغان مودېرن ئىنسان، بەندىچىلىك چېگراسىدىن چىقىپ كائىناتنىڭ ھەم مالىكى ھەمدە ھاكىمى بولۇۋالغان.

ھالبۇكى ئىسلام تەپەككۇرىدا، ئىنسان يەر يۈزىنىڭ مالىكى، ھاكىمى ئەمەس، خەلىپىسىدۇر (ئورۇنباسار). بۇ ئۇنىڭ تالانتىنىڭ تەتجىسى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئامانەتتۇر. شۇنداقلا بۇ غايىسىز بىر مەخلۇق ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيەتكە ئىگە جانلىقتۇر.  مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش يولىدا ئاللاھ ئىنسانغا موھتاجلىقنى ھەل قىلىدىغان شەكىلدە ئۇنىڭغا ھىدايەت بېرىدۇ، يول كۆرسىتىدۇ. ئۆلچەم ۋە پىرىنسىپ بېكىتىدۇ. ئىنسانمۇ قابىلىيەتلىرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۆزىدە بار بولغان كۈچ - قۇدرىتى بەلگىلەنگەن يولدا، پىرىنسىپلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، كۆرسىتىلگەن مەقسەتكە قاراپ يول ئالىدۇ. ئۆزىگە سۇنۇلغان ئۆلچەملەر بىلەن چىرايلىق بىلەن سەتنى، ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىپ، ياخشىنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ، ياماندىن يىراقلىشىدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ. بۇ شەكىلدە يارىتىلىش مەقسىتى بويىچە ھەرىكەت قىلىشىنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ھۇزۇرىنى دۇنياۋى بەخت سۈپىتىدە تېتىيدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ تۇرمۇش يولىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئاخىرەت ھاياتىنى خۇسۇسەن ئۆزى مۇشۇ دۇنيادا بەلگىلەيدۇ. بۇ دۇنيادىكى ھاياتى ياخشى بولسا، ئاخىرەتتىكى ھاياتىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر بۇ

(13) Alak suresi, 96/6-7

(14) Aydınlanma felsefesi: Batı dünyasında, rönesans ve reform hareketleriyle başlayarak, önceleri kilisenin dogmalarına karşı bir başkaldırı niteliğinde iken zamanla, dinin yol göstericiliğini reddeden, kendi zihinsel ürünleri dışında, insanın hayatını biçimlendirecek hiçbir ilke ve değer kabul etmeyen, insanın ilerlemesinin ancak akıl ve bilim sayesinde gerçekleşebileceğini kabul eden ve XVII. yüzyılın başından itibaren Batı dünyasında egemen olmaya başlayan anlayış. (Ömer Demir/ Mustafa Acar, *Sosya/Bilimler* Sözlüğü, s. 41. Aydınlanmanın dinler üzerindeki etkisi hakkında bk. Hulusi Yazıcıoğlu, *Laiklik,* s.119 vd.

دۇنيادىكى ھاياتى يامان بولسا، ئاخىرەت ھاياتىمۇ يامان بولىدۇ.

ئىككىنچى، تەۋھىد پرىنسىپى. بىر پۈتۈنلۈك ۋە سىكۇلار (ئىلمانىزم) ساھەنىڭ يوقلۇقى. ئۇلۇھىيەت ئەقىدىسىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى سۈپىتىدە ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى «تەۋھىد» ئاساسىدۇر. ياراتقۇچى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى رەببىنىڭ ئەمرى سىرتىدا بىر «ئالەم» ياكى «ئالەملەرنى» تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ، «ئالەملەر»نىڭ رەببىدۇر. ئۇنىڭ مۈلكىدە باشقا بىر ئىرادىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى، ئۇنىڭ ئەمرىنىڭ بارلىق ئالەملەردە كۈچكە ئىگە قىلىنىشى ۋە بۇنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش مەنىسىدىكى تەۋھىد، بىر مۇسۇلماننىڭ قارشىسىدا ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە قۇدرىتىگە ئىشەنمەيدىغان سىكۇلار قاراشنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدۇ. باشلانغۇچ ۋە نىھايەت جەھەتتىن پۈتكۈل جانلىقلار ھاياتىنى، ئاللاھتىن كېلىپ، ئاللاھقا قايتىش چۈشەنچىسى بويىچە تاماملايدۇ. ئىنسان ھاياتىنى ئۇنىڭ (ئاللاھ) بىلەن ئەھمىيەتلىك قىلىدۇ، ھەر ئىشنى ئۇنىڭ رۇخستى بىلەن قىلىدۇ، ھەر ئىشنى ئۇ ئاتا قىلغان كۈچ بىلەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىدۇ. بۇ خىل ئىمان ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا سىڭگەن بىر خىل ئەقىدە بولىدۇ. مۇسۇلمان بۇ ئەھۋالنى تىلى بىلەن ئىپادىلىسىمۇ ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق ئويلايدۇ ۋە مۇشۇنداق ياشايدۇ. «مۇسۇلمان مال بوغۇزلىغاندا ‹بىسمىللاھ› دېسۇن ياكى دېمىسۇن ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ بوغۇزلايدۇ» دېگەن ھەدىس، مانا مۇشۇنداق ئۆزلىشىپ كېتىشنىڭ مۇسۇلمان تۇرمۇشىدىكى ئۆرنەكلىرىدىن بىرى.

ئۈچىنچى، نەبەۋى ئەقىل بۇ ئىككى ئاساس بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىنىشى لازىم. پەيغەمبەرلەر ۋەھىي ئېلىپ، ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىدىغان ۋاستىچى مەرتىۋەلىرى بىلەن، ئۇلۇغ ئاللاھقا يۈزلىنىشتە ئىنسان ھالقىغان ۋە ئەقىل ھالقىغان بىر خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. لېكىن، ۋەھىي ئېلىش ۋە ئۇنى ئاللاھنىڭ ئالاھىدە ھېمايىسى ئاستىدا تەبلىغ قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ سىرتىدا، ئۇلارمۇ يەر يۈزىدە ياشايدىغان جانلىقلار سىنىپىغا كىرىدۇ. بېشى كۆككە تاقاشسىمۇ ئايىغى يەردىن ئۈزۈلمەيدۇ. فىزىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت باشقىلارغا ئوخشاش ئۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئىلاھىي بۇيرۇقنىڭ ئىزاھاتى ۋە ئۇ بۇيرۇقلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش نۇقتىسىدا شۇنداقلا ئىجرا قىلىش جەھەتتىن ئۇلارمۇ باشقىلارغا ئوخشايدۇ. بىر دوختۇر بىر كېسەللىككە ئائىت مەلۇماتلىرىنى، ئېرىشكەن نەتىجىلەرگە تايىنىپ

تۇرۇپ، بىر بىمار ئۆستىدە تەدبىقلاشقا تىرىشىدۇ، لېكىن ئۇ بۇ ئىشتا بەزەن غەلىبە قىلىسا، بەزەن مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن، رېئاللىق ئۆزى بىلەن مەقسەتلىرى ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ پەيدا قىلىشى مۇمكىن. خالىمىسىمۇ ئۆزىمۇ ئىچىدە ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى ۋە فىزىكىلىق مۇھىتى، مەۋجۇت ئەھۋالنى بىر خىل مەلۇمات سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا قىستىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ پوزىتسىيە ۋە غايىسىنى ئەھمىيەتلىك قىلىدۇ.

بۇ ئەھۋاللار ۋەھيىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى جەھەتتە، پەيغەمبەرلەرنى بىزدىن پەرقسىز قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ «ئۈلگە» بولۇشتىن يىراقلىشىپ كېتىشىگە يول قويمايدۇ.

2 - پرىنسىپلار: پرىنسىپلاردىن مەقسىتىمىز، بىزنىڭ دىنىي نەرسىلەرگە باھا بېرىشتە يولىمىزنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ۋە توغرىلىقىدا شۈبھە بولمىغان ئاساسلاردۇر. بۇ ئاساسلار بىزنى غايىگە يەتكۈزمەيدۇ، پەقەتلا يولىمىزنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، توغرا يولدا ئىلگىرىلىشىمىزگە تۆھپە قوشىدۇ. بۇ پرىنسىپلارنى تۆۋەندىكىدەك رەتكە تۇرغۇزۇشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئالەمشۇمۇللۇق. دىنىنىڭ خۇسۇسىي جەھەتتىن ئىسلام دىنىنىڭ پۈتكۈل ئىنسان، پۈتكۈل ماكان ۋە پۈتكۈل دەۋرلەرگە خىتاب قىلىدىغانلىقى پرىنسىپى. بۇ پرىنسىپنىڭ دىنىي نەرسىلەرنى ۋە شۇنداقلا تەبىئىي ھالدا سۈننەتنى توغرا چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم ياردىمى بولىدۇ. نەرسىلەردىن تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەر، پەقەتلا مەلۇم بىر دەۋر ۋە مەلۇم بىر جۇغراپىيەلىك شارائىتتا ئۇيغۇن كەلگەندە، بىز ئۇ ۋاقىتتا ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىبارىسى ۋە شەكلىگە ئەمەس، روھىغا ۋە غايىسىگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. بۇ پەقەت نەرسىلەرنىڭ ئالەمشۇمۇللۇق پرىنسىپىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز سايىسىدە مۇمكىن بولىدۇ. ئەكسى تەقدىردە سۈننەت پەقەت ئىبارىسىغا قاراپلا ھۆكۈم چىقىرىلىسا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بارلىق ئىنسانىيەتكە بىر رەھمەت پەيغەمبىرى ئەمەس، ئەكسىچە ئەرەبلەرنىڭ نوپۇزلۇق بىر قەبىلە رەئىسى ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭمۇ يېرىم بەدەۋى ھاياتتا ياشاۋاتقان ئەرەبلەرنىڭ كۆپ تەڭرىچىلىكتىن تەدرىجى ئۆزگىرىپ، بىر تەڭرىلىك دىنغا ئايلىنىپ قالغانلىق چۈشەنچىسى پەيدا

بولۇپ قالىدۇ .

بىر مىسال بەرسەك، «شەرىئەتنىڭ ئومۇمىيلىقى» نىڭ ئالەمشۇمۇللۇق تەقەززاسى بويىچە شەرئى مەسئۇلىيەتلەردە تۆۋەن دەرىجىدىكى ئوتتۇراھال بىر ئىنساننىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ھۆكۈم چىقىرىش مۇمكىن بولىدىغان يەردە، ئىبارىچى ۋە شەكىلچى تەھلىل بىلەن كۆپىنچىسىنى ئىسلام دىنى «ئۇممىي» يەنى ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيدىغان جەمئىيەت دەپ قوبۇل قىلغان تۇرمۇش شەكلىنى ۋە بارلىق ئىجابىي تەرەققىياتلارنى «يولدىن چىقىش» ۋە «بىدئەت» دەپ قاراپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىق پرىنسىپى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ بىر سۆزىدە دېيىلگەندەك، «پۈتكۈل ئىنسانلار يا يارىتىلىشتا باراۋەر ياكى دىندا قېرىنداشتۇر[15].» ئىنسانلىقتا ھەممىسى تەڭدۇر، لېكىن بۇنىڭدىن ھالقىغان ھالدا بارلىق مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن يەكۈن ۋە باھايىمىزدا بۇ پرىنسىپقا دىققەت قىلىشىمىز، ئىرقچىل ھۆكۈملەردىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەر كۆرۈلسە، پايدىسىز تەھلىللەرگە كىرىشمەستىن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك بولغان - بولمىغانلىقى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش؛ ئەگەر ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقسا، نەرسىلەرنىڭ قايسى مەقسەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. مۇشرىك ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە نازىل بولغان ھۆكۈملەرنى پۈتكۈل ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈم دەپ كۆرسىتىش خاتادۇر.

ئۈچىنچى، ئاسانلىق پرىنسىپى. دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ تەتقىق قىلىنىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ پرىنسىپ، نەرسىلەرنىڭ چۈشىنىلىشى ۋە كۈنىمىز شارائىتىدا ئىجرا قىلىنىشىدا مۇھىم ئامىلدۇر. ھاياتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، لېكىن ئاسانلا رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان ۋە ئادەتتىكى تۇرمۇشىمىزدا تەبىئىي ھالدا ئېھتىياجلىرىمىزنى ھەل قىلالايدىغان بىر دىنىي چۈشەنچە، نەرسىلەرنى تەھلىل قىلىشتا مۇھىم رول ئويناپ، دىننى ئەسلى غايىسىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىشكە يول قويمايدۇ.

(15) Hz. Ali'nin Mısır valisine yazdığı talimattan. bk. Nehcü'l-belağa, s. 621-649; Gölpınarlı Tercümesi, s. 369-382; Abdülkerim Zeydan, İslam'da *Ferd ve Devlet Münasebetleri,* Kayıhan Yayınları, istanbul 1978, s. 7-32.

لېكىن، بۇ يەردىكى ئاساسلىق پرىنسىپىدىن، مەسئۇلىيەتلەردە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا بولىدۇ ۋە دىندا ھېچقانداق جاپا - مۇشەققەتلىك ئىش يوق، دېگەن مەنا چىقمايدۇ. دىنىي مەسئۇلىيەتلەر بار بولغان ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ماكاندا ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدە مەۋجۇتتۇر. مۇھىمى بۇلارنىڭ نورمالىنىڭ سىرتىغا چىقماسلىقىدۇر. ئەگەر نورمالىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بەرسە، ئۇ ھالدا، دىنىي نەرسىلەر خاتا تەھلىل قىلىنىپ قالغان دېگىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇسۇسىي دىنىي ھاياتىدىن باشقا ئىنسانلار كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئۈلارغىمۇ مەسئۇلىيەت يۈكلەيدىغان بىر خىل ئىبادەت قىلىپ ئۈيدۇرۇپ چىقىرىش ياكى جاھىلانە پوزىتسىيە بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان پۈتۈن دۇئالارنى توپلاپ، بىر قېتىمدىلا ئوقۇشقا ئۇرۇنۇش، تىبابەتتە شىپا بولسۇن، دەپ ئىشكاپتىكى دورىلارنىڭ ھەممىسىنى بىر قېتىمدىلا ئىچىشكە ئۇرۇنۇشقا ئوخشايدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز قالغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

3 - مەقسەتلەر: دىنىنىڭ مەقستىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنى قىسقا جۈملىلەر بىلەن مۇنداق ئىزاھلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، دىن ئىنسان ئۈچۈندۇر. ئالدى بىلەن، شۇ نەرسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، دىن ئىنسان ئۈچۈن باردۇر، ئىنسان دىن ئۈچۈن ئەمەستۇر. نەتىجىنى ئاساس قىلىپ ئېيتقاندا دىنىنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرى، ئىنساننىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان ۋاقىتتىكى ياكى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ماددىي، مەنىۋى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىز ئاللاھنىڭ ھەققى دەپ بىلىدىغان نەرسىلەرمۇ ئەسلىدە يا كوللېكتىپنىڭ ھەققى ياكى ئىنساننىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ھەقلىرىنى قوغداپ چىقىش ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلاردۇر. چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىدىن بىھاجەتتۇر، لېكىن بىز ئۇنىڭغا موھتاجمىز. دىن مانا مۇشۇ ئېھتىياجلارنى ھەل قىلىش، يەنى ئىنسانغا خىزمەت ئۈچۈن مەۋجۇتتۇر. بۇنداق دىنىنىڭ تەبىئىي بولۇشىنىڭ سەۋەبى، دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنغان نىسبەتتە، تەبىئىي ئېھتىياجلارمۇ ھەل قىلىنغان بولىدۇ.

ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، دىنىنىڭ ماھىيەت جەھەتتىكى مەۋجۇتلۇقى ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر رەھمەتتۇر. ناھايىتى ئەپسۇسكى، رەھمەت بولغان بىر نەرسىنىڭ مۇشەققەتكە ئايلىنىشىمۇ مۇمكىندۇر. بۇ ئەھۋال بولسا، دىنىنىڭ خاتا

ئىزاھلىنىشىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

ئىككىنچى، دۇنيا ئۆتكۈنچىدۇر. خاتا بولغان بىر قاراش دىن غايىسىنىڭ پەقەتلا ئاخىرەت ئۆتكۈنلىكى مەسىلىسىدۇر. دىن دۇنيا ئۆتكۈنچىدۇر، دىن ئىنسانلارغا دۇنيادا پايدا بېرىدۇ. ئاخىرەت - دىن قارىشىدا پەقەتلا بىر نەتىجىدۇر. دىن ئىنسانلارغا ئاخىرەتنى دۇنيا ھاياتىدا قازىنىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ. ئاخىرەت ھاياتى، دۇنيا ھاياتىنىڭ نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىنى ياكى ھاياتىنى گۇناھ ئىچىدە ئۆتكۈزگەنلەر ئاخىرەتتە سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئۈچىنچى، دىن ئىنسانلارغا ھىدايەتتۇر. ھىدايەت بولسا، ئىككى شەكىلدە بولىدۇ.

تەكۋىنى ھىدايەت. بۇ ئىنسانلار يارىتىلىشىغا قاراپ، ئۆز ئايىغى ئۈستىدە تۇرۇش ياكى بەلگىلەنگەن يولدا ئۆزى ياكى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە مېڭىشى ئۈچۈن يېتەرلىك قابىلىيەتلەرگە ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

تەشرىئى ھىدايەت. بۇ، ئىنسان قابىلىيىتى يەتمىگەن ۋاقىتلاردا، ئۇنى ئېغىزچە ۋە يېزىقچە ھىدايەتكە چاقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. ۋەھيى، ئىلھام قاتارلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋاستىلىرى ۋە مۇقەددەس كىتاب نازىل قىلىش.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، تەكۋىن قائىدىلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، تەشرىئىدە ئوخشىمىغان ئۇسۇل قوللىنىلسا بولىدۇ. شەھۋەت قابىلىيىتىگە ئىگە ئىنساننىڭ دۇنيا نېمەتلىرىگە بولغان يۇقىرى ھەۋەسلىرى، خۇسۇسەن مال - مۈلۈك ۋە ئەۋلاد سۆيگۈسى، كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ئاساسي بولغان ماقام ۋە مەنسەپلەرگە بولغان تەلپۈنۈشلىرى شەرىيئەت تىلى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ. بۇ ئۇسلۇب، ئەسلىدە يۇقىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتى جەھەتتىن يامان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. پەقەت موتور ئورنىدا بولغان بۇ قۇۋۋەتلەر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا تەكۋىن يولى ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، شەرىيئەت يولى ئارقىلىق، بۇ ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە تورمۇز مېخانىكىسى ئورۇنلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. بۇ شەكىلدە مۇسبەت ئارزۇلارنى زىيانلاردىن مۇمكىن بولغان مەرتىۋىدە تازىلاپ،تېخىمۇ پايدىلىق ھالەتكە كەلتۈرۈش كاپالەتلەندۈرۈلگەن. نەرسىلەرنىڭ ئىزاھلىنىشىدا مۇشۇنداق مۇھىم نۇقتىلارغا دىققەت قىلىنماسلىقى، كۆپلىگەن خاتالىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن، شەخسىي

ۋە كوللېكتىپ جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشنى تەلەپ قىلغان نەرسىلەر ئۇنتۇلۇپ، تەركى دۇنيا بولۇشنى تەۋسىيە قىلغان سۆزلەر ئاساس قىلىنىدىغان بولۇپ قالغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، باشقىلارغا يۈك بولىدىغان، تەييارتاپ ۋە باشقىلارغا بېقىنىپ ياشايدىغان ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان بىر چۈشەنچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ قالىدۇ.

«خەمر/مەست قىلغۇچى» نىڭ ھاراملىقىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ «نىجىس» ئىكەنلىكىنى ئېيتىش، ئىنسان نەپسى ئارزۇلايدىغان زىيانلىق نەرسىگە نەپرەتنى قوزغاش ئۇسۇلىدا يېتەرلىك ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن نىجىس ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاش ئارقىلىق، مەست قىلىدىغان ھاراق ۋە بۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئىسپىرت ۋە شۇ قاتارغا كىرىدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭمۇ نىجىس دەپ بىلىنىشى، بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، تازىلىق ۋە گىرىم بۇيۇملىرىنى سانائەتتە ئىشلىتىلىشىنىڭمۇ دىن نامىدىن چەكلىنىدىغانلىقىنى ئىزاھلاش مۇمكىن.

دىنىنىڭ خۇسۇسىي جەھەتتىكى ئاخىرقى غايىسى، ئىنساننى مۇكەممەل بىر ئىنسان قىلىپ يېتىلدۈرۈپ چىقىشتۇر. يەنى ئۇنىڭ غايىسى ئۇنى يامان ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرۇش، ئەخلاق - پەزىلەتلەر بىلەن زىنىنەتلەش، ۋۇجۇدىدىكى تەبئىي قابىلىيەتلىرىنى ئىجابىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى پەيغەمبەرلىكىنىڭ غايىسى سۈپىتىدە روشەن بىر ئۇسلۇبتا مەخسۇس بايان قىلغان. دىنىنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتىكى غايىسى بولسا، جەمئىيەتتە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغۇچى دەپ ئىزاھلاشقا بولىدىغان مۆتىدىل ئۈممەت ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىكتە ياشايدىغان «پەزىلەتلىك شەھەر» نى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. بارلىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تىرىشچانلىقلار ئەسلىدە بۇ غايىگە خىزمەت قىلىدۇ. قانۇن -تۈزۈملەر بىر قەدەم باسقۇچ بولۇش بىلەن بىللە، بۇ نەتىجىگە ئېرىشىشتە بىر ۋاستىدۇر. مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى بىلەن غايە ئەمەستۇر. شەرئەتمۇ تاماملانغان، ئاخىرلاشقان بىر ماھىيەت بولۇشتىن بەكرەك، «ئەمر» نىڭ زامان ۋە ماكان ئىچىدە قىيامەتكىچە داۋاملىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، ئىنسانلارنىڭ تەبئىي ئېھتىياجلىرىنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ھەل قىلىدىغان جەرياندۇر. قانۇننىڭ ئاخىرقى غايىسى ئادالەتتۇر. قانۇنلار، قانۇن بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىجرا قىلىنىدۇ. ئادالەتنى بەرپا قىلالمىغان، خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىقنى ئورنىتالمىغان، ۋىجدانلارغا

كىرمىگەن قائىدە -تۈزۈملەر مۇقەددەس كىتابلاردا يېزىلغان، پەيغەمبەرگە ئائىت سۈننەت دەپ نەقىل قىلىنغان، ئۆز ۋاقتىدا ئىجرا قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، ئىلاھىي ئىرادىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى ۋە «ئەمىر» نىڭ دەۋر روھىغا خىتاب قىلىش جەريانى مەنىسىدىكى شەرىئەتنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنالمىغان، بىر خىل تارىخىي ئەسلىمە بولۇپ قالىدۇ . ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجلىرىنى ئەڭ مۇۋاپىق شەكىلدە ھەل قىلىشنىڭ يول ۋە ئۇسۇللىرى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان تەكۋىنى ھىدايەت بىلەن ئەقىل ھەم تەجرىبىلىرى نەتىجىسىدە ھاسىل قىلىنغان بىرىكمىلەر، تەشرىئى ھىدايەتنىڭمۇ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئەقلىنىڭ ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ مەنبەسىمۇ يەنە ئىلاھىيدۇر. شەرىئەتنىڭ ئاساسىي ھۆكۈملىرى بىلەن تەبىئىي ھوقۇقنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىشىنىڭ سەۋەبىنى بۇ يەردىن ئىزدەش كېرەك. ئىنسانىيەتنىڭ ھالاكىتى، ئىنسان ئەقلىنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، ئەكسىچە ئەقلىنىڭ، كۈچى يەتمەيدىغان ۋادىلاردا چاپتۇرۇلۇشى، ئەقلىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھەقىقەتلەرنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئىنساننىڭ ئۆزىنى بۇ ساھەلەردە ئەركىنلىك نامى ئاستىدا تار ساھەدە چەكلەپ قويۇشىدىن كېلىپ چىققان.

شەخس ۋە جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا ئىنچىكە تەڭپۇڭلۇق بار. بۇزۇلمىغان، ئەخلاقلىق ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئاساسى، كامىل ئىنسان ئۈچۈندۇر. ئەمەلىيەتتە مەيلى ئومۇمىي خەلق ۋە مەيلى دۆلەتنى ئاساس قىلغان ئومۇمىي خەلق ئۈچۈن قۇرۇلغان بارلىق تەشكىلاتلار، ئېتىبارىيلىقتا[16] ئىگە بولۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى مەۋجۇتلۇقى يوقتۇر. جەمئىيەت دېگەن نەرسە شەخسلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنى قانۇنلۇن بىر شەخس دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىن مۇقەددەسلىك بىلەن يىراقتىن ۋە يېقىندىن مۇناسىۋەتى بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەۋھۇم بولغان بۇنداق ئاتالغۇلار ئۈچۈن ھەقىقىي مەۋجۇتلۇققا ئىگە بولغان ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش، ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش ۋە زورلۇق - زومبۇرلۇق قىلىش دىن نامىغا قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان ئىشلار ئەمەس.

ئىنسان ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدىغان دىننى، ئىنسانلارغا

(16) تەبىئىتى جەھەتتىن ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئېتىۋار بېرىشى بىلەن ئەھمىيەتلىك بولىدىغان.

تېگىش يەنە دىننىڭ ماھىيتىگە ماس كەلمەيدۇ. دىن ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە، ئالدى بىلەن ئەقىل سۈزگۈچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كىرىشنى ۋە كۆڭۈللەرنى پەتھى قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، پەقەت بۇ يول ئارقىلىقلا تەسىر كۆرسىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق بىر شەخسنىڭ ئۆزىنى «ئاللاھنىڭ سايىسى» ياكى باشقا سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەيدىغانلارنىڭ ئېلىپ بارغان ئىش- ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئاللاھدە ئىمتىيازلىق بولۇۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئىنسانلارغا بېسىم قىلىشقا، مەجبۇرلاشقا قەتئىي بولمايدۇ. قادىرى مۇتلەق (مۇتلەق قۇدرەت ئىگىسى) بولغان ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىنى ياراتقاندەك، كاپىرلارنىڭ (رازى بولمىسىمۇ) كۇفرىنى ياراتقان بولسا، مۇسۇلمان - كاپىر دەپ ئايرىماي ھەممىسىگە رىزىق بېرىۋاتقان بولسا، بىز نېمە دەپ ئۇنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانماي، ئۇنىڭ قىلمىغىنىنى قىلىشقا ئۇرۇنىمىز؟

دىن كىشىلەردە ھەق - ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت چۈشەنچىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىنىڭ «تەقۋا» ئىكەنلىكىنى ئۇتتۇرىغا قويىدۇ. تەقۋا، ئىنساننىڭ ئۆزىنى ۋە ياراتقۇچىسىنى تونۇشىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن مەرتىۋىسىدۇر. بۇ شۇنداق چۈشەنچىكى، ئىنسان بۇ سايىدە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ۋە ئاجىز نۇقتىلىرىنى تونۇپ يېتىدۇ، ئاللاھ بىلەن بولغان ئاللاھ - بەندە مۇناسىۋىتىنى كەسكىن ھالدا چۈشىنىدۇ. ئۆزى بىللە ياشاۋاتقان باشقا ئىنسانلار ئالدىدا ھەر دائىم مەسئۇلىيىتىنى بىلىپ ئىش قىلىدۇ. كوللېكتىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش چۈشەنچىسىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى قوللايدۇ، يامانلىققا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ھېچقاچان ياخشى بىلەن ياماننىڭ ئۆلچىمى «مەن ئۆزەم» دەپ قارىمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئۆزىنىڭ «ياخشىلىرىنى» ياكى «توغرىلىرى» نى دىن نامىدىن، ئاللاھ نامىدىن ياكى پەيغەمبەر نامىدىن باشقىلارغا تاڭمايدۇ.

## شەرىئەتنىڭ مەقسىتى:

دىننىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەرپا قىلىنىشىدا زۆرۈر غايىلەر بار. بۇ غايىلەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىش نەتىجىسىدە ئۈچ كاتېگورىيەگە بۆلۈپ بايان قىلىنىدۇ.

بىرىنچى، زۆرۈرىيەت. مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈر بولغان نەرسىلەر، ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان نەرسىلەردۇر. بۇ ئالدى بىلەن، مەزكۇر نەرسىلەرنىڭ

بارلىققا كەلتۈرۈلۈشى، ئىككىنچى باسقۇچتا مەۋجۇتلۇقىنىڭ قوغدىلىشى دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. ئالىملار بۇلارنى جان، ئەقىل، دىن، مال - مۈلۈك ۋە نەسلىنىڭ قوغدىلىشى دەپ بايان قىلىسمۇ، بۇلار دەۋرىمىزنىڭ ئىپادىسى بىلەن ئاساسەن «كىشىلىك ھوقۇق» دەپ بايان قىلىنماقتا. بۇ ھوقۇقلارنىڭ ئالدى بىلەن مەۋجۇدىيتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئاندىن كېيىن بۇ ھەقلەرنى ھەر تۈرلۈك خېيىم - خەتەردىن مۇداپىئە قىلىش، دىنىنىڭ بولمىسا بولمايدىغان ئاساسىي ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا مىسال بەرسەك، دىن - ئىنسانىنىڭ ئىشىنىش ھوقۇقىنى ئىشلىتەلىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆيلىنالايدىغان ۋە ئىشىنەلەيدىغان بىر ھالەتكە كەلتۈرۈلۈشى؛ ئىككىنچى باسقۇچتا ئەركىن، ئازادىلىك ئىچىدە ھاسىل قىلغان ئىمان ۋە پىكىرلىرىنى ھەر تۈرلۈك تاجاۋۇزدىن قوغدىيالىشى، تولۇق ئېتىقادى ئەركىنلىكى شەكىللەنگەنگە قەدەر كۈرەش قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. بۇ يەردە يەنە، ئالدى بىلەن ئەقىلنى يارىتىش ۋە ئۇنى تەلىم - تەربىيە بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئىككىنچى باسقۇچتا بولسا، ئۇنى ھەر تۈرلۈك تاشقى بېسىمدىن، مەست قىلغۇچى نەرسىلەرگە ئوخشاش ھەر تۈرلۈك خۇراپاتلىقتىن ۋە زىيانلىق پىكىرلەردىن قوغدىشى كېرەك.

ئىككىنچى، لازىمەتلىكلەر/حاجيات. يوقلۇقى ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن قىينچىلىق پەيدا قىلىدىغان، دىن ئىككىنچى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئېھتىياجلاردۇر. بۇ ئېھتىياجلار ھەل قىلىنمىسا ھايات تەسلىشىدۇ. ئۇنىڭ كەمچىل بولۇشى تۇرمۇشتىكى بەزى قىينچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن، بىرىنچى دەرىجىدىكى بولمىسا بولمايدىغان شەرتلەرنى تەلەپ قىلمايدۇ. دىنىنىڭ ئاسانلىق پىرىنسىپى ۋە بۇنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەردە رۇخسەتلەر بېرىلىشى ياكى ئەسلى قائىدىلەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، پىرىنسىپقا خىلاپ بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى تۇتۇشى، مانا مۇشۇنداق ئېھتىياجلارغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، تحسينيات / گۈزەللەشتۈرۈش ۋە ياخشىلاش. بار بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ئىستېتىك ئېڭىنىڭ تەقەززاسى بولغان ئېھتىياجلار. بۇ خىل ئېھتىياجلار ئىنساننىڭ بىر خىل جانلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن، بار مەۋجۇدىيتىنى ساقلاپ قېلىشتىكى زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنى ھالقىغان، لېكىن ئۇنىڭ بىر ئىنسان بولۇشى، شۇنداقلا ئۇنى باشقا جانلىقلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تەلىپى

بويىچە ئىنسانلىق شەرىپى ۋە ئىناۋىتىگە لايىق بولۇشنى تەقەززا قىلىدىغان ئېھتىياجلار. ئىنسان يالىڭاچ قالماسلىق ئۈچۈن بەدەننى ياپىدىغان كىيىم كىيىش بىلەنلا قالماي، چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشنى ئارزۇلىشى، ئۆيىنى، مۇھىتنى پاكىزە تۇتۇشنى ئارزۇ قىلىشى، يەيدىغان نەرسىلىرىنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ سۈپەتلىكلىرىدىن بولۇشنى خالىشى ۋە ئۆزىگە مۇۋاپىق بىر خانىم بىلەن ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلىشى قاتارلىقلارنى ساناپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. لېكىن، بۇلار بولمىسىمۇ ھايات داۋاملىشىدۇ. ئەمما زۆرۈرىيەتنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقلار بۇ يەردە مەۋجۇت بولمايدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ كەمچىللىكى، ئىنساننىڭ ئىنسانلىقىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىنسانغا بېرىلگەن ئارتۇقچىلىقلار، مەزكۇر نەرسىلەرگە ئېھتىياج تۇغدۇرىدۇ. بۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى كەملىكنى ھېس قىلىدۇ. بۇ كەمچىلىكلەر تولۇقلانغاندا ئىنسان ئۆزىنى تېخىمۇ بەختلىك ھېس قىلىدۇ، ھاياتتىن تېخىمۇ ھوزۇر ئالىدۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ ھايۋانلارغا ئوخشىمايدىغان پەرقىنى بۇ ئېھتىياجلارنىڭ ھەل قىلىنىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلىدۇ.

دىن ئوتتۇرىغا قويغان قائىدە - تۈزۈملەرنى بىر پۈتۈن ھالدا ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا ئوخشاتساق، زۆرۈرىيەتنى ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان ئورگان ۋە سىستېمىلارغا؛ ھاجىيەتنى ئىنسان ۋۇجۇدىنى فۇنكسىيەلىك قىلىدىغان، قول، پۇت، ئىشتىش ئورگانلىرىغا؛ تەھسىنىياتنى بولسا، بۇ ئورگانلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ۋە گۈزەللىك قوشىدىغان تىرناق، كۆزنى ئاسرايدىغان كىرپىك، باش ۋە قاشنى سوغۇق ۋە ئىسسىقتىن ساقلايدىغان چاچقا ئوخشىتىشقا بولىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان نەرسىلەردۇر. تەھسىنىياتنى ئېھتىياجسىز ۋە پايدىسىز نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن، بۇ ئورگانلار، ئىنسان تۇغۇلغاندا تەرتىپ ۋە مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە، يۇقىرىدىكى رەت - تەرتىپ ئۆزلىكىدىن شەكىللىنىدۇ.

بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زەنجىرسىمان مۇناسىۋەتنى كۆرمەسكە سېلىۋېلىش، قاشنى دەپ كۆزدىن ۋاز كېچىش، گانگىرېنا بولغان قولنى دەپ، پۈتۈن بەدەندىن ۋاز كېچىشتەك قورقۇنچلۇق بىر نەتىجىنى تۇغدۇرۇشى مۇمكىن.

مانا مۇشۇنداق، دىن يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن بۇ ئۈچ خىل كاتېگورىيەگە

كىرىدىغان تەلەپلەرنى،ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئېھتىياجلار دەپ قارايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. ئوتتۇرىغا قويۇلغان بارلىق ھۆكۈملەر بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئېھتىياجنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئېھتىياجلارنى كۆرمەسكە سالىدىغان قائىدە - تۈزۈملەر ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. قىلغان ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى ئاللاھ تائالا پايدىسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن مۇنەززەھتۇر.

ئۇنداق بولغان ئىكەن دىن نامىدىن كىمگەپ قىلماقچى، دىنىي نەرسىلەر ھەققىدە ئىزاھات بەرمەكچى ياكى ئۇنى تەپسىر قىلماقچى بولسا، سۆزلەيدىغان سۆزى، بۇ نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلالايدىغان شەكىلدە بولۇشى كېرەك. ئېلىپ بېرىلغان بارلىق چۈشىنىش ۋە ئىجتىھادى پائالىيەتلەر، ئاساسلار (ئۇمدە) ئۈستىگە قۇرۇلغان، پىرىنسىپلارنىڭ نۇرى ئاستىدا مەقسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

### سۈننەت ۋە ھەدىسنىڭ ئىزاھلىنىشى

بۇ ماۋزۇ، سۈننەت ۋە ھەدىسنىڭ ئايرىم - ئايرىم تېمىلار ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان. سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىلىك ھەرىكەتلىرىنى، ھەدىس بولسا، ئاغزاكى پائالىيەتلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. تېخىمۇ خۇسۇسىي مەنىدە بۇ ئىككى ئاتالغۇ، ئەنئەنىمىزدە بىر - بىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. توغرىسى سۈننەتىنىڭ ھەدىسنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ماھىيەتكە ئىگە بولۇشىدۇر. بۇ جەھەتتىن، ئۇسۇلدا ئىخچام بىر (ئىجمالى) دەلىل سۈپىتىدە ئادەتتە «سۈننەت» ئاتالغۇسى كەڭرەك قوللىنىلىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان سۆز، ھەرىكەت ۋە قارارلار دەپ ئىزاھلىنىدۇ. بەزى ئېنىقلىمىلار، «قۇرئاندىن باشقا» دېگەن ئىبارىنى قوشۇپ «سۈننەت» بىلەن «كىتاب» نى (قۇرئان) ئايرىشقا ئۇرۇنىدۇ. بەزىلەر بولسا، سۈننەتنى قۇرئاندىن ئايرىم بىر ماھىيەت دەپ قاراشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا تايىنىدىغان[17] ياكى كۈنىمىزدىكى ئېنىقلىمىلار بويىچە قۇرئاننىڭ تەپسىرى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۈننەتنىڭ ۋەھيىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەمەلىيلىشىۋاتقان بىر دىنغا ئايلىنىش[18] پىكرىنى

(17) Şatıbî, Muvafakat, c. 4, s. 9.

(18) Mehmet Görmez, s. 42.

ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

قۇرئاننىڭ قۇرئانلىقىنى سۈننەت ئارقىلىق ئىزاھلاش نەزەرگە ئېلىنغاندا، «كىتاب» بىلەن «سۈننەت» نى ئايرىش بىر مەنا ئىپادىلىمەيدۇ. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «جانلىق قۇرئان» دەپ بايان قىلغان سۆزىگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، بۇلارنى «ۋەھيي» نامى ئاستىدا تېخىمۇ كەڭ دائىرە ئىچىدە بىرلىكتە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا بىر ئىشىكى ئاسمانغا ئېچىلىدىغان ۋەھيىنىڭ، يەنە بىر ئىشىكىنىڭ بىزگە قاراپ ئېچىلغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، ۋەھيىنىڭ ئۇ دەۋردە قانداق مەنىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئۇ يەردىن كۈنىمىزگە قانداق يۆتكەپ كېلىش كېرەكلىكىگە قارىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، ئەگەر نەرسىلەرنى خاتا چۈشىنىش، بىزنىڭ يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا يول قويمىسا، بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاياندۇرۇلغان ھېچقانداق سۈننەت ياكى ھەدىس مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ئوخشاش مەسىلە ئوخشاش شەكىلدە كىتاب ئۈستىدىمۇ داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەرسىلەرنىڭ خاتا چۈشىنىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

ئىمام شاپىئى (ۋاپاتى ھىجرىيە 204/ 819) دەۋرىگىچە سۈننەت دېيىلگەندە، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دىنىي ھاياتتا ئىجرا قىلىنغان جانلىق سۈننەت كۆزدە تۇتۇلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە (كۆپ قىسمى ئىجابىي مۇھىتتا ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەنلىكى دەۋا قىلىنغان) ھەدىس - سۈننەت بىرلەشمىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى ۋە ھەتتا بۇ سەۋەبتىن سۈننى ئېقىمىنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنىمۇ بايان قىلغانلار مەۋجۇتتۇر.

بۇ شەكىلدىكى سۈننەتكە ئەھمىيەت بېرىش ئەھۋالى ھەدىستىمۇ كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك، بەزى كىشىلەر، ھەدىسلەرنىڭ تېكىستى (كۆپىنچە مەنا بىلەن رىۋايەت قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى كۆزدىن قاچۇرۇپ)، قانۇن تېكىستىدەك چۈشىنىپ، قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ھەر نەتىجىنى، ئۇنىڭ لەپزىدىن ماھىرلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. ئالىملارنىڭ كاتتىلىقى،ئەقلىنى (رەي) ئەركىن ئىشلىتىپ نەتىجىگە ئېرىشىشتە ئەمەس، لەۋزىلەرنىڭ نۇتۇق (مەنتىق) ۋە مەنىسىدە (مەۋھۇم) يوشۇرۇنغان مەنالارنى ئۇستا بىر غەۋۋاس تىرىشچانلىقىدا ئوتتۇرىغا

چىقىرىشتا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەدىستە لەۋزچى، سۈننەتتە شەكىلچى ۋە ئومۇمچى ئىزاھ، بارلىق ئىسلام دۇنياسىدا زور تەسىر كۆرسەتمەكتە. «سۈنەن» كىتابلىرىنىڭ بىرەر رەددىيە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ نەتىجىسىدۇر[19].

## سۈننەتنىڭ ئورنى

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ ھەقتە ئەڭ توغرا ھۆكۈم ئىمام شاتىبىغا ئائىتتۇر. ئۇ پۈتۈنلەي سۈننەتنىڭ «كىتابقا (قۇرئان) تايىنىدىغانلىقى» نى ئېيتىدۇ[20]. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سۈننەت، پەقەتلا تەشرىئىي (قانۇنىي) قىممەتكە ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى، قۇرئان ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ، ھەر جەھەتتىن، يەنى (ئىمان، ئىسلام/ ئېھسان) لەۋزى، ئەمەلىي ئىزاھات ۋە ھەقىقىي شەكىلدە يولغا قويۇلۇش جەريانىدۇر. بۇ مەنىدە، كىتاب، ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ «جانلىق قۇرئان» سۆزى ئىشارەت قىلغان ۋە ئاساسىي قانۇنىنىڭ بارلىق قانۇن ماددىلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغاندەك سۈننەتمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان توپلامنىڭ ئىسمىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن سۈننەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا پەيغەمبەرنىڭ قەلبىگە چۈشۈرۈلگەن كىتابنىڭ پەيغەمبەرنىڭ ھاياتىدا ئىجرا قىلىنىش شەكلىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەۋقەئىگە قاراپ قىلغان ئىشلىرىنى - ۋەھيى ئېلىش، ئۇنىڭغا ئىشىنىش، ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش، لازىم بولغاندا ئىزاھات بېرىش، ئۆگىتىش ۋە نەتىجىدە ئىجرا قىلىش قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىغىلى بولىدۇ[21].

بۇ ئاللاھدىلىكى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانۇن قويغۇچى ياكى پوچتالىيونمۇ ئەمەس. شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا غەيبكە ئېچىلغان بىر دېرىزىدىن قاراش ئىمكانى بېرىلگەن بولۇشى، ئۇنىڭ بۇ ئىمكانىنى ئۆزى خالىغان ۋاقىت ۋە زاماندا ئىشلىتەلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ھەر ۋاقىت بۇنىڭغا ئېھتىياج ھېس قىلمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىگە، ئوخشاش كاتېگورىيەدە باھا بېرىلمەيدۇ. ئۇنى ئەڭ گۈزەل بايان قىلغان سۆز «ئىنسان، پەيغەمبەر» ئاتالغۇسىدۇر. بىز ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقان كىشى بېشى قانچىلىك

(19) Mehmet Görmez, s. 60.

(20) Şatıbî, Muvafakat, c. 4, s. 9 vd.

(21) Mehmet Erdoğan, s. 87-134.

كۆككە يەتسمۇ، ئايغى داۋاملىق يەردىن ئۈزۈلۈپ كەتمەيدىغان ۋە بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىنسانلىقنى ھەر دائىم مۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەن بىر پەيغەمبەردۇر. بىز ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقان كىشى.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، سۈننەتنى كىتابتىن ئايرىم قاراشقا ئىمكان يوقتۇر. ئىسلامنىڭ چۈشىنىلىشى، ئىزاھلىنىشى، ئىجرا قىلىنىشى ۋە قۇرلمىسىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى پەقەتلا بۇ بىر پۈتۈنلۈك چۈشەنچىسى بىلەن مۇمكىندۇر.

ھەر مەسىلىدە ئىشلىتىلىدىغان جۈزئىي (پۈتۈننىڭ بىر پارچىسى) دەلىل مەنىسىدىكى سۈننەتكە كەلسەك، ئۇنىڭ قۇرئاندىن ئايرىم ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچى بىر سۈننەت مەجمۇئەسىنىڭ بارلىقىغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بىر مەسىلىنىڭ دەلىللىرى تۇرغۇزۇلغان ۋاقىتتا ۋە شەرئىي ئاساسلارغا تاياندۇرۇلغاندا تەبىئىي ھالدا قۇرئاندىن كېيىنلا سۈننەتتىن دەلىل ئىزدەش توغرا ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ باسقۇچتا، ھەدىسلەرنىڭ ھەم ساغلاملىق (سىھھەت) ھەمدە دالالەت جەھەتتىن سۇبۇت[22] ۋە قەتئىيلىكى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

سۈننەتتە ئاساس بولغان نەرسە، ئومۇمەن ئەمەلىيلىك (ئىش - ھەرىكەت) جەھەتتىن ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن بىر ئادەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، نۇتۇق (سۆز) جەھەتتىن بولسا، مەنىسى بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولۇشىدۇر. نۇتۇق بەزىدە بىر ئىش - ھەرىكەتتىن خەۋەر بېرىش شەكلىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، سۈننەتنىڭ سۆزلۈك قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ھەدىسلەر ئۆچۈن سۆز مەنىسىنى ئاساس قىلغان ئىزاھاتلار كۆپىنچە ھاللاردا توغرا نەتىجىگە يەتكۈزمەسلىكى مۇمكىن. بىر سۆزنىڭ سۆزلۈك (مەنتىق) ۋە ئۇقۇم (مەۋھۇم) مەنىسىنىڭ دالالەت جەھەتتىن بىر - بىرىگە تولۇق ماسلىششى، ھەممىدىن مۇھىمى لەۋزىنىڭ سۇبۇتىنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە باغلىق. بۇ سۈننەتتە قانچىلىك دەرىجىدە مەۋجۇت؟ ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن ھەدىسلەردىمۇ رىۋايەت ئوتتۇرىسىدىكى لەۋزىلەر (سۆز) بىرلىكىنىڭ پەقەت ھەدىسلەرنى توپلاش جەريانىدا كۆزگە چېلىققان ھەدىس تېكىستلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەنلىكى بىر ھەقىقەت. ئەرەپ لۇغەتشۇناسلىقىدا، ھەدىس بىلەن دەلىل كەلتۈرۈشنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە

(22) مۇشۇنداق بىر ھەدىسنىڭ مەۋجۇت بولۇپ، بولماسلىقى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا «ھەدىس» دېيىلىپ كەلگەن بىر سۆزنىڭ راستىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن سۆزلىنىپ، سۆزلەنمىگەنلىكى.

ئېتىبار كۆرمەسلىكى بۇ ئاساسقا تايانغان بولۇشى كېرەك.

بۇ ئەھۋالدا لەۋزىچى ۋە شەكىلچى ئىزاھات ئورنىغا، «ئاساسلارنى (ئۇمدە) چىقىش قىلىپ، پىرىنسىپلارنىڭ نۇرى ئاستىدا غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان «شەكىل» نى ئۇسۇل قىلىپ تاللاش كېرەك. بۇنىڭغا ئاساسەن سۈننەت بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە تەھلىل قىلىنىشى لازىم. سەھىھلىكى جەھەتتىن سۇبۇتى (ھەزرىتى پەيغەمبەرگە ئائىتلىقى) ئوتتۇرىغا قويۇلسىمۇ (بەزى ۋاقىتتا، بۇ پەقەتلا بىر كۆز قاراشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن)، ئۇنىڭ قانۇنى قىممەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مېنىڭ دىنىي ھاياتىم ئىچىدىمۇ بىر مەنا ئىپادىلەش شەرتى قويۇلۇشى كېرەك. بىزگىچە رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزاھاتىنىڭ، ھەر تەتبىقاتىنىڭ، دىنىنىڭ يەككە مەنادا بايان قىلىنىشى ھېسابلىنىشى ھەققىدىكى سۆزلەر، پەقەت يۇقىرىدىكى فورمۇلاغا ئۇيغۇن كەلگەندىلا بولىدۇ. ئەكسىچە بىز ئۇنى بۇرۇنقىلار «قەدىييەتۇن ئەين» دەپ تەبىر بەرگەن شەخسكە، بىر ھادىسىگە خاس، ئادەتتىكىچە ۋە قانۇنى قىممىتى بولمىغان جۈزئىي ھۆكۈملەر دەپ قارايمىز. بۇ خىل جۈزئىي ھۆكۈملەر، بىز ئۈچۈن پۈتۈندىن قىممەتسىزمۇ ئەمەس. ئۇنىتۇماسلىق كېرەككى، ئاساسلار (ئۇمدەلەر) پىرىنسىپلار ۋە غايىلەر - پەقەتلا بۇ جۈزئىييات تەتقىق قىلىنىپ پۈتۈنگە ئېرىشكەندىلا ھاسىل بولىدۇ.

بۇ تېمىنى ئەھكامغا مۇناسىۋەتلىك بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرەيلى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز دەۋرىدە بىر قىسىم نەرسىلەرنىڭ سېتىلىش تۈرلىرىنى چەكلىدى. بۇ چەكلەنگەن مۇئامىلىلەر بىر يەرگە جەملەنگەندە ئەسلى مەقسەتنىڭ ئىككى تەرەپكە زىيان سېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مانا بۇ، پارچىلار (جۈزئىييات) ئوتتۇرىغا قويغان ئادەتتىكى قانۇنى ھۆكۈمدۇر. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ چەكلەنگەن مۇئامىلىلەر ئىسمىنى ساقلاپ قېلىشى بىلەن بىرلىكتە ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىشى ياكى زىيانلىق تەرەپتىن پايدىلىق تەرەپكە ئۆتۈشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا بىز سۈننەت چەكلەيدۇ، دەپ بۇگۈن ئۇ ئىشنى قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالساق بولمايدۇ. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا چەكلىمىگە بويسۇنۇش غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسا، ھازىر چەكلىمىنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز غايىگە يېتىشتە توسالغۇ بولىدۇ. بىز مانا بۇ نەتىجە بىلەن، ئۇ چەكلىمىنىڭ «قەدىييەتۇ ئەين»

تۇرىدىن بىر چەكلىمە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىمىز. شۇنداق قىلىپ ئىسمى نەس بولۇپ داۋاملاشىسمۇ ۋە دەلىللىكىدە كەمچىللىك كۆرۈلمىسىمۇ، ئىزاھات پوزىتسىيەمىزنى بەلگىلەيدىغان ئاساس (ئۇمدە)، پىرىنسىپ ۋە غايىلەر دىنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا خاتالىشىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. دىنىنىڭ رېئال تۇرمۇشتا ئىجرا قىلىنىشىدا، بىزنىڭ ھاياتنىڭ ھەقىقەتلىرىدىن يىراقلىشىشىمىزنى تەقەززا قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ دىنىي ھاياتىمىزدىكى چوڭقۇرلۇق ۋە ئازادىلىك، ئىنسانىي ئېھتىياجلىرىمىزنىڭمۇ ئوخشاش نىسبەتتە ھەل قىلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلمەجىد غوپۇر

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


Cabirî, Muhammed Abid, *Arap-islam Kültürünün Akıl Yaısı (Bünyetü'l-akfi'f'arab),*

tre. Burhan Köroğlu, Hasan Hacak, Ekrem Demirli, istanbul 1999.

Cabirî, Muhammed Abid, *islam'da Siyasal Akıl,* tre. Vecdi Akyüz, istanbul 1997.

Dihlevî, Şah Veliyyullah, Hüccetullahi'l-baliğa, tre. Mehmet Erdoğan, istanbul 1994.

Erdoğan, Mehmet, *Vahiy-Akıl Dengesi Açısından Sünnet,* istanbul 1996.

Erul, Bünyamin, *Sahabenin Sünnet* Anlayışı, Ankara 1999;

Görmez, Mehmet, *Sünnet ve Hadisin* Anlaşılmasında *Metodoloji Sorunu,* Ankara 1997, s. 130-137

Halid Mes'ûd, Muhammed, *islam Hukuk Teorisi,* tre. Muharrem Kılıç, istanbul1997;

Hamidullah, Muhammed, *islam Tarihi,* tre. Salih Tuğ, ll, 738, 880;

Hammadî el-Abîdî, eş-Şattbî *ve* makasıduş-şeri'a, Trablus 1992.

Hatiboğlu, ibrahim, *islam'da Yenilenme* Düşüncesi *Açısından Modernistlerin Sünnet*

Anlayışı, Yayınlanmamış Doktora Tezi, M. Ü. i. F. istanbul1996

ibn Aşûr, Muhammed Tahir, Makasidu'ş-şerîati'l-islamiyye, Tunus 1978. Türkçesi:

*islam Hukuk Felsefesi,* (tre. Veedi Akyüz/ Mehmet Erdoğan), istanbul 1998.

Kırbaşoğlu, M. Hayri, *islam* Düşüncesinde *Hadis Metodolojisi,* Ankara 1999.

Kırbaşoğlu, M. Hayri, isilam Duşüncesinde *Sünnet,* Ankara 1993.

Özafşar, M. Emin, *Hadisi Yeniden* Düşünmek, Ankara 1998.

Reysûnî, Ahmed, *Nazariyyetü'l-makasıd i*nde'l-imam eş-Şatıbî, Riyad 1992.